ۋاھىتجان ئوسمان

# قىرىق بىر يۈرەك



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

قىرىق بىر يۈرەك

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاھىتجان ئوسمان

# قۇرۇچ بىر يۈرەك

(شېئىرلار)

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋاھىتجان ئوسمان

مۇھەررىرى: دىلشات ئىدرىس
مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرھات ئىلياس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئابلىز
رەسسام: لىكىم ئىبراھىموف
غەيرەت ئىبراھىموف

قىرىق بىر يۈرەك
(شېئىرلار)
ئاپتورى: ۋاھىتجان ئوسمان
*
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
http://www.xjjycbs.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتى باستى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى كومپيۇتېر مەركىزى تىزدى
*
فورماتى: 1230 × 880، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 10.75
2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 978 - 7 - 5370 - 8612 - 7
باھاسى: 41.00 يۈەن
نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش ـ تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: 2863761, 2870654(0991)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# شائىرنىڭ قىرىق بىر يۈرىكى

— شائىر ۋاھىتجان ئوسماننىڭ «قىرىق بىر يۇرەك» ناملىق شېئىر توپلىمىغا بېغىشلىما

ئەزىزى

ئىنسان قاچان پەيدا بولغان؟ شېئىرچۇ؟

بۇ سوئاللارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا ۋە بۇ ھەقتىكى بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا ئۇزاق زامانلار بولدى، ئەلۋەتتە. ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن شېئىرنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ پرىنسىپاللىق ئاساسى بولۇشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ ئىنسان بىلەن شېئىرنى بىر - بىرىدىن مۇستەسنا ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ ھەقىقەت. ئادەم، تەبىئەت، گۈزەللىك، ھاياجان، ئىزتىراپ ۋە مۇشۇلارغا تۇتىشىپ كېلىدىغان روھىي مۇناسىۋەتلەر زەنجىرىنىڭ ئاخىرقى ھالقىلىرى كۆپ ھاللاردا قويۇق شېئىري تۇيغۇ، مەلۇم ئەقلىي بېشارەت ۋە ئۆزگىچە رىتىمغا ئىگە ئىدالار بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. بۇلار شېئىرغا خاس ئالامەتلەر ئەمەسمۇ؟

تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بەلكىم ئەڭ دەسلەپكى شېئىرلار يېزىق ئىختىرا بولۇشتىن بۇرۇنلا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئادەمئاتىنىڭ ھاۋائانىغا تۇنجى پىچىرلاشلىرى بەلكىم ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىنساننىڭ پەيدا

بولۇشى بىلەن شېئىرنىڭ پەيدا بولۇشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئانچە چوڭ بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئىنسان، ئىنسانغا خاس ئالەمشۇمۇل تۇيغۇلارنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدىغان مۇقەددەس روھتىن ئاپىرىدە بولغان. بۇ روھ يۈرەككە مۇجەسسەملەشكەن. شېئىرنىڭمۇ مەنبەسى يۈرەككە تۇتىشىدۇ.

بىز شېئىرغا جور بولۇپ، ھاياتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس تىلسىملىرىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا خۇددى قەدىمكى ئەپسانىلەردىكىدەك يارقىن ۋە مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان ساماۋى بىر دۇنيانىڭ جىلۋىسىنى بايقايمىز. بۇ، شائىرنىڭ دۇنياسى، شېئىر دۇنياسى.

## 1

بۇنىڭدىن 33 يىل مۇقەددەم، يەنى 1980 - يىلىنىڭ يامغۇرلۇق كۈز پەسلىنىڭ بىرىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئالىي مەرىپەت ماكانى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قەدەم باستىم. مەن بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغانىدىم. بۇ مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىدى.

مەن قوبۇل قىلىنغان سىنىپقا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل مىللەتلىرىگە تەۋە 44 نەپەر ئوقۇغۇچى توپلانغانىدى. مېنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بەش يىللىق ھاياتىم ھەر جەھەتتىن ئۇنتۇلماس مەنىلەرگە ئىگە بولدى. مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئائىلەمدىن ئايرىلىپ، ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان ئەزىم شەھەر ئۈرۈمچى بىلەن تونۇشتۇم. مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنى قىزغىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



ئىشتىياق باغلىغان ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى بىلەن تونۇشتۇم. مەن بۇ يەردە دەرسخانىنىڭلا ئەمەس، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك مەكتەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ تۇنجى شېئىرىمنى يازدىم. مەن بۇ يەر- دە ھاياتىمدا ئۇنتۇلماس دوستلارغا ئېرىشتىم...

سىنىپىمىزدا ئاقسۇنىڭ كەلپىن دىيارىدىن كەلگەن، چىرايىمۇ، قىزىقىشىمۇ ماڭا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ساۋاقدىشىمىز بولۇپ، بىز ئاسانلا چىقىشىپ قىزغىن، سەمىمىي دوستلاردىن بولۇپ قال- دۇق. مانا بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ قەدىرلىك، سىرداش، دىلداش دوستۇم، ئۆزىنىڭ سەمىمىي، قايناق ھېسسىياتقا تويۇنغان، پىك- رى يارقىن، جەلپكار شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرى- گە چۈشكەن شائىر ۋاھتجان ئوسمان ئىدى.

## 2

ۋاھتجاننىڭ ئەڭ دەسلەپ يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ گۇۋاھچى- سىمۇ، تۇنجى ئوقۇرمىنىمۇ مەن ئىدىم. بىز كۆپ ھاللاردا ئەدەبى- يات ھەققىدە، شېئىر ھەققىدە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پاراڭلىشاتتۇق. يازغان مەشقلىرىمىزنى ئۆزئارا ئوقۇشۇپ، ئۆز- ئارا پىكىرلىشىپ، ئۆزىمىزگە خاس نەزەر بىلەن تەھرىرلىشەتتۇق. شېئىردىن ئىبارەت سىرلىق ئىشقنىڭ پىراقىدا تەڭ كۆيۈشۈپ، تەڭ بوزلىشاتتۇق.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ۋاھتجاننىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنىڭ بى- رى ئانا ھەققىدە ئىدى. بارماق ۋەزنىدە، ھەربىر كۇپلېتى ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپقان، خېلىلا ئۇزۇن ھەجىمدىكى بۇ شېئىر

ئەينى چاغدىكى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز، كۆيۈمچان ژۇرنالىست، شائىر جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ سەمىمىي مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە سازاۋەر بولغانىدى.

مېنىڭچە، ۋاھتجاننىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋە ئىجادىيەت ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلارنىڭ بىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئىجادكار ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان «ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى» بولسا كېرەك. ۋاھتجان بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسكارى ۋە غوللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ئۇيۇشما دەسلەپتە فاكۇلتېت ۋە مەكتەپ دائىرىسىدە، كېيىنچە جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن ھالدا كۆپ قېتىم ئەھمىيەتلىك ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ پائالىيەتلەرگە فاكۇلتېت ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئەينى چاغدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇھەررىرلىرى، يازغۇچى، شائىرلار، ئاخبارات - نەشرىيات خادىملىرىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. نەتىجىدە، ئۇيۇشما ئەزالىرى مۇھەررىرلەر ۋە يازغۇچى - شائىرلار بىلەن تونۇشۇشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە سازاۋەر بولدى. بىر قىسىم گېزىت - ژۇرنالار ئۇيۇشما ئەزالىرى ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپىلەرنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئەمەلىي مەدەت بەردى. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىرنەچچە قېتىم مەخسۇس لېنتىغا ئېلىپ ئاڭلاتتى. ھەتتا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ ئۇيۇشما تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن شېئىر دېكلاماتسىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىنى نەق مەيداندىن سىنغا ئېلىپ مەخسۇس پىروگىراما ئىشلەپ تارقاتتى. ئىجادكار ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن تەشكىللىنىپ، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەدەنىي ۋە مەنىۋى مۇھىتىدا بىر خىل قىزغىن كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرغان، بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ جەمئى-يەتتە بەلگىلىك ئىجابىي تەسىر شەكىللەندۈرگەن بۇ خىل پائال-يەتلەر بارلىق ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ۋاھىتجاننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىگە مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

## 3

ۋاھىتجان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىل ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىر-لەشمىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىگە قاراشلىق «مىراس» ژۇرنىلىدا ئىشلىدى. بۇ، ۋاھىتجاننىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت مۇسا-پىسى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك مول مەنبە بولۇپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە ۋاھىتجان ئىجادىيەتتە پىشىپ يېتىلدى. «ئاۋازلىق ئوقيا» ناملىق ھەجىم ۋە سۈپەت جەھەتتە خېلى زور سالماقلىق تۇنجى شېئىر توپلىمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى، بۇ ھەق-تە بىرنەچچە پارچە تەقرىز ئېلان قىلىندى. ۋاھىتجان بۇ توپلام بىلەن ئېلىمىزدىكى نوپۇزلۇق مۇكاپاتلارنىڭ بىرى بولغان «تۇلپار» مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى. ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشقى-مۇ مۇناسىپ ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاھىتجان توختىماستىن ئۆ-گەندى، توختىماستىن ئىزدەندى، ئىجادىيەتتە توختىماستىن ئۆزى-نى تاۋلاپ باردى. ئاز بولمىغان روھىي بەدەللەرنى تۆلىدى.

دەرۋەقە، شېئىر يېزىش خالىس بىر جەريان. ئۇ ھەرقانداق

مەقسەت، تاما، غەرەز، ئورۇنۇشنى كۆتۈرمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق تۈيغۇ، ھېسسىيات ئارىلىشىپ قالسا، يېزىپ بولۇنماي تۇرۇپلا قىممىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. لېكىن شېئىرغا كۆرسىتىلگەن ئىززەت، شائىرغا كۆرسىتىلگەن لىللا مۇناسىۋەت شائىر ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شېئىر، ئەدەبىيات مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى. شېئىر مەلۇم بىر ماكان، مەلۇم بىر زاماننىڭ مەنىۋى شەجەرىسى. شۇنداق ئىكەن، شېئىرغا، شائىرغا ئۆزىنىڭ قىممىتىگە يارىشا مۇناسىۋىتىمىزنى ئىزھار قىلىش ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئەقەللىي بۇرچىمىز.

## 4

ئالدىمدا ۋاھىتجاننىڭ «قىرىق بىر يۈرەك» دەپ ناملانغان نۆۋەتتىكى شېئىر توپلىمىنىڭ ئارگىنالى تۇرۇپتۇ. ئالدى بىلەن بۇ شېئىرلارنى ئوقۇرمەنلەردىن بۇرۇن ئوقۇش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىم ئۈچۈن سۆيۈندۈم. ئاندىن قالسا شېئىرلارنى ئوقۇپ، ۋاھىتجاننىڭ يېڭى بىر روھىيەت ئالىمى بىلەن ئەسرا بولدۇم. توپلامدىكى شېئىرلار كۆپ جەھەتتىن مېنى تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلدى. نەتىجىدە، دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلغانلىرىمنى (بۇنداق شېئىرلارنى بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ مېغىزىنى چاققىلى بولىدۇ) تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاپ كۆردۈم:

1. شائىرنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئالدى بىلەن تېما دائىرىسىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شېئىر ئىجادىيىتىدە تېما تاللاش شائىرنىڭ تەپەككۇر خاسلىقىنى، ئېستېتىك بالاغىتىنى ۋە ئەقلىي پاراستىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە تېما شائىرنىڭ بىردىنبىر غايىسى، شېئىرنىڭ تۈپكى مۇددىئاسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنچىكە نەزەر، پۇختا ئىدىيە ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان ئامىل سۈپىتىدە زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ شائىرنىڭ ئىجادىيەت ماھارىتىدىن بېشارەت بېرىدۇ. مېنىڭچە، شېئىردا تېمىنى ئىككى نۇقتىدىن شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىرى، تاشقى تېما، بۇ شېئىرنىڭ سەرلەۋھىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، ئىچكى تېما، بۇ شېئىردىكى پىكىر ياكى شائىرنىڭ غايىسىنى كۆرسىتىدۇ. تېمىدىكى بۇ خىل قاتلاملىق مۇناسىۋەت شېئىرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. ۋاھتجان شېئىرلىرىدا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شائىر بىزنى ئۆزىگە خاس تېمىلار بىلەن گاھى قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر دۇنياسىغا باشلىسا، گاھىدا كەلگۈسىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىغا دالالەت قىلىدۇ. گاھىدا تەبىئەتنىڭ ئۇنتۇلماس مۆجىزىلىرى بىلەن ئاۋۇندۇرسا، گاھىدا ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك دەقىقىلىرى بىلەن يۈزلەشتۈرىدۇ. بۇنداق كۆپ مەنبەلىك ئىجادىيەت تىندۇرمىلىرى ۋاھتجاننىڭ مول روھىيەت جۇغلانمىسى، ئىنچىكە تەپەككۇر خاسلىقى ۋە تەبىئىي ئىلھام، قايناق ھېسسىياتىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ئايانلىشىدۇ.

2. شېئىر يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ، ھېسسىيات بىلەن قاناتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەكتىمۇ، ھېسسىياتتىمۇ قىلچىلىك ساختىلىققا ئورۇن قالدۇرۇلمايدۇ. سەممىي ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، زورۇقۇش بىلەن توقۇلغان شېئىر بەرىبىر ئوقۇلمايدۇ. شېئىردا قانچىلىك مۇھىم پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر

ھېسسىياتقا ساختىلىق ئارىلاشسا، ئۇ ئەلنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ. شېئىر يۈرەكتە يېتىلىپ، ھېسسىيات ئارقىلىق شائىرغا يېزىش ئەمر قىلىنىدۇ. شائىرنىڭ يازماي ئامالى يوق. بۇ تەبىئىي، سەممىي جەريان. بۇنىڭغا ئەمەل قىلالمىغان شائىر ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى خارلاپ قويىدۇ. ۋاھىتجاننىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن كۆپ ساندىكى شېئىرلىرىدا ھېسسىياتنىڭ چىنلىقى ئېنىق گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. مىسرا بىلەن مىسرا، كۇپلېت بىلەن كۇپلېتلار ئارىسىدىكى ئۆتۈشمىلەردە ھېسسىيات يامغۇردەك تامچىلاپ ئەمەس، بەلكى سۈزۈك ئېقىندەك شىلدىرلاپ ئېقىپ تەبىئىي بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئوقۇرمەننى ئاسانلا ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ.

3. تىل شېئىرنىڭ جېنى. شائىرنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئۇنىڭ تىل بايلىقى تەرىپىدىن ئۆلچىنىدۇ. ۋاھىتجان بىر مەزگىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋە داۋاملىق ئىزدىنىش، ئوقۇشنى قولدىن بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شېئىرىي تىلى ئويناق، ساددا ۋە جەزىبىلىككە ئىگە. ئۇ شېئىرلىرىدا سۆزلەرنىڭ مەنە مۇناسىۋەتلىرىدە يېڭىدىن - يېڭى ھالقىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوقۇرمەننى ئويلاپ يەتمىگەن ئېستېتىك بوشلۇقلارغا ئۈندەيدۇ. ئۇنتۇلغان ئۇقۇملارنى، خەلق ئارىسىدىكى خىلۋەت سۆز- ئىبارىلەرنى قېزىپ، شېئىرىي تىل مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىپ، يارقىن شېئىرىي ئوبراز، سىمۋول ۋە بەدىئىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ ۋاھىتجاننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم بىر ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم شېئىرلاردا بەزى سۆز ۋە مىسرالار ئۇدا تەكرار قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئوقۇرمەننى زېرىكتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئىنتايىن يېقىملىق شېئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى



رىي مۇھتاجلىق قىلىدۇ.

4. ھەربىر شېئىرنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىسى بولىدۇ. ئۇ، پىكىر، ھېسسىيات ۋە ماھارەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شېئىردىكى قۇرۇلمىنى ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بىرى، شېئىرنىڭ روھىنى تەشكىل قىلىدىغان، ئىستېتىك غايىگە سىڭىپ كەتكەن ئىچكى قۇرۇلما؛ يەنە بىرى، شائىرنىڭ بەدىئىي دىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان تاشقى قۇرۇلما. شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى كۆپ ھاللاردا شېئىرنىڭ تەقدىرىگە تۈۋرۈك بولىدۇ. يەنى شائىر ئۆزى ئوتتۇرىغا تاشلىماقچى بولغان پىكىرنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھېسسىيات، تىل، ئوبراز، كەيپىيات، رىتىم قاتارلىق ئامىللارنى تەشكىللەيدۇ. مەيلى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر شېئىرنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ باسقۇچلارنى ئەڭ يۇكسەك پەللىدە ماسلاشتۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ شېئىردا ماھارەت دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاھىتجان كۆپ قىسىم شېئىرلىرىدا پىكىرنى تاللاش، تاۋلاش، ئۇنىڭ رىتىمىغا، ئىزچىللىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، ھېسسىياتنى سۆز ۋە مىسرالار ئارا تەقسىملەش، كۇپلېتلار ئارا ھەم مەنتىقىلىق، ھەم ئىستېتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاش، ئىمكانقەدەر ئوقۇرمەننى قىزغىن، سەممىي، يارقىن شېئىرىي كەيپىياتتىن بەھرىمەن قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ھېسسىيات قوغلىشىپ پىكىردىن چەتلەپ كېتىش، ئۇسلۇبسىزلىق ۋاستىلەرگە زورۇقۇپ، مەنتىقىلىق رىتىمغا سەل قاراش، سۈنئىي ھالدا دەبدەبىلىك سۆز ـ ئىبارىلەرگە ئۇرۇنۇشتەك ئىللەتلەر ئۇچرىمايدۇ.

شېئىرنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدىغان رىتىم، تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە قاتارلىق ئامىللار ۋاھىتجاننىڭ شېئىرلىرىدا روشەن

جازىبىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ رىتىم بىلەن قاپىيە كۆچلۈك گارمونىيەلىك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ بىرۇنقى بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنىڭ چىرايلىق ئاھاڭلارغا سېلىنىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولۇشىمۇ دەل مۇشۇ ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ توپلامدىمۇ ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا باب كېلىدىغان شېئىرلار ئاز ئەمەس.

5. ۋاھىتجاننىڭ بۇرۇنقى شېئىرلىرى كۆپرەك بارماق ۋەزنىدە، ئالماش قاپىيە شەكلىدە يېزىلغانىدى. بۇ توپلامدا بولسا ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىمۇ دادىللىق بىلەن ئۆزىنى يېڭىلاشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، بۇ توپلامدا ۋەزىن جەھەتتە بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلارمۇ، ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارمۇ، ئەركىن شېئىرلارمۇ بار. شەكىل جەھەتتە مەسنەۋى شەكلىدىكى، مۇخەممەس شەكلىدىكى، مۇسەددەس شەكلىدىكى، دىيالوگ شەكلىدىكى، ھەتتا ۋاھىتجاننىڭ ئۆزىگىلا خاس سىناقلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۆزگىچە شەكىلدىكى شېئىرلارمۇ بار. شۇڭا ۋاھىتجاننىڭ بۇ توپلىمىنى رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان بىر باغقا ئوخشىتىش مۇمكىن. شەكىل جەھەتتىكى بۇنداق ئىزدىنىشلەر، نوقۇل شەكىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى مەزمۇن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر بىلەنمۇ باغلىنىپ كەتكەن. بۇنى ۋاھىتجاننىڭ نۆۋەتتىكى شېئىرلىرىدىكى دادىل بىر يېڭىلىق دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

ۋاھىتجاننىڭ بۇ توپلامدىن ھېس قىلغانلىرىم يۇقىرىقى نۇقتىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما مەقسەت بۇ توپلام ھەققىدىكى مەخسۇس تەھلىل بولمىغىنى ئۈچۈن گەپنى سوزماسلىقنى زۆرۈر تاپتىم. شۇڭا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بايقاشلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


رىمغا كونكرېت دەلىل ـ مىساللارمۇ كەلتۈرۈلمىدى. ئىشىنىمەن-كى، سەگەك ئوقۇرمەنلىرىمىز توپلامدىكى شېئىرلارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى شېئىرلار-نىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

5

«بىز ھەربىر شېئىرنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ ئىگىسىنى كۆرىمىز، ئۇنىڭ مەنىۋى ئالىمىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز. ئاشۇ شېئىرنىڭ كەي-نىدە تۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ سەممىيىتى بىلەن، ھالاللىقى بىلەن بىزنى ئۆز تۇيغۇلىرىنىڭ چىنلىقىغا ئىشەندۈرمىكى كېرەك. شېئىر ھەمىشە شائىرنىڭ قىسمىتىدۇر. ئەگەر شائىر ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز ئەۋلادىنىڭ قىسمىتىگە يارىشىدىغان گەپنى ئېيتمىسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ» دەپ يازىدۇ ئۆزبېكىستانلىق شائىر ئەركىن ۋاھىدوف. دەرۋەقە، بىز بۇ توپلامدىكى ھەربىر شېئىردىن ۋاھىتجاننى ئىزدەيمىز، ئۇنىڭ شائىرانە ئىدراك، غايە ۋە ئىستې-تىك دۇنياسىنى قىدىرىمىز. تەقدىرىنى، قىسمىتىنى ئىزلايمىز. ئۇ-نىڭ بىزگە ـــ زاماندىشلىرىغا ئېيتىدىغان گەپلىرىنىڭ سەممىي، ھالال بولۇشىنى، بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزگە، تەشۋىش، ئىزتىراپلىرىمىزغا جور بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇندىلا ئۇنىڭ سۆزلىرى بىزنىڭ سۆزىمىزگە ئايلىنىدۇ، ئاۋامنىڭ سۆزىگە ئايلى-نىدۇ. شېئىر يېزىشتىن ئىبارەت ئازابلىق ئۇرۇنۇشنىڭ مەقستى شۇ ئەمەسمۇ؟ شائىر بولۇشنىڭ شەرىپى شۇ ئەمەسمۇ؟

بۈگۈن ۋاھىتجان بىزنى ئۆزىنىڭ دىل خانىسىغا باشلاپ تۇ-رۇپتۇ. مەلۇم دېلىغۇللۇق، ئېسەنگىرەش، شۇنداقلا ھاياجان تۇيد-

غۇلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ سۆھبەتتە شائىر بىر ئەمەس، بەلكى «قىرىق بىر يۈرەك» بىلەن سىردىشىشقا تەييار تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەمەس، قىرىق بىر دۇنياسىنى ئىستىقبالىمىزغا مۇھەييا قىلىپتۇ. «قىرىق بىر يۈرەك» شائىرنىڭ ۋىجدانى، ئەقىدىسى، ئىخلاسى سۈپىتىدە پىچىرلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئاڭلاش، ئاڭقىرىش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈنمۇ مەلۇم دەرىجىدە سەزگۈرلۈك، دىتىنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

6

بۇ يىل شائىرىمىز ۋاھىتجان ئوسمان 50 ياشقا كىردى. قولىمىزدىكى بۇ توپلام بەلكىم شائىرنىڭ 50 ياشلىق قىران پەسلىدە بىزگە سۇنغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك سوۋغىسىدۇر. بىز بۇ قىممەتلىك سوۋغىنى تولىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىمىز. شائىرنىڭ تېنى سالامەت، قەلىمى بەرىكەتلىك بولغاي. ئۇنىڭ 60 ياشلىق، 80 ياشلىق ھەتتا 100 ياشلىق سوۋغىلىرىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي!

2013 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، كېچە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

ئۆزلۈك ناۋاسى ........................ 1
ئەي ئاسمان ........................ 3
جىگدە يىلىمى ........................ 4
سېنى مەندىن سورىغانلارغا ........................ 6
تاش بوران ........................ 7
مۇھەببەت دەردى ........................ 9
بۇ جاھان ........................ 10
كۆز ۋە ياش ........................ 11
سەنسىزلىك ۋە مەنسىزلىك ........................ 13
مۇزداۋان ........................ 15
قىيىنغىن ........................ 18
بەردىڭ ........................ 20
جەبىر تولغان پىيالەمدە ........................ 21
يۈرەك مىڭ كۆزدە يىغلايدۇ ........................ 23
ساڭا ئېيتقان يۈرەك سۆزۈمنى ........................ 25
شامالنىڭ ھەيكىلى ........................ 26
تۆت پەسىل قوشىقى ........................ 28
قىرىق بىر يۈرەك ........................ 31
تەكلىماكاندا ........................ 33
پەرياد ........................ 34
دەردلىرىڭگە قونۇۋالغۇم بار ........................ 36

سېنى دېدىم ........................ 37
بۇلۇتلار ........................ 39
سەن يوق يەردە ........................ 41
ئاداشتىم ........................ 42
ئۇلار كۆزدە ئۇلارغا باقساق ........................ 43
يول ........................ 45
ئاي ئاسماننىڭ يۈرىكى بولسا ........................ 48
ماڭا يېقىن ئۇۋا سالغىن، قۇش ........................ 49
تۇنجى قار ........................ 50
سەۋر ........................ 52
مېنىڭ دالامدا ........................ 54
كېپىنەك نىداسى ........................ 55
بىلەيلى ........................ 57
مەجنۇن ۋە مەلئۇن ........................ 58
ۋەسىل ........................ 59
قىزىلگۈلۈم ........................ 60
چۈشلەر مېنى تولا ئازدۇرۇپ ........................ 61
يىراق ۋە يېقىن ........................ 63
نان ........................ 65
سەن مۆكۈندۈڭ قايسى پىنھانغا ........................ 66
ئۆگىنەلمىدىم ........................ 68
بەردىشىم ........................ 70
بىز ........................ 72
نەپرەت دەرىخى ........................ 73
يىگىتلىك شەرھى ........................ 74

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىستەك ........................................ 76
يۈرىكىم ........................................ 78
ئادەملەر ........................................ 80
ئاگاھلاندۇرۇش ........................................ 82
تولۇن ئاي ........................................ 85
بالىلىقنى تاشلىغىن دەيسەن ........................................ 86
مۇمكىن ........................................ 88
دەرەخكە ئويۇلغان ئىسمىمىز ........................................ 89
قارغاش ........................................ 91
بۇ دۇنيا ........................................ 93
ئاتامنىڭ شەجەرىسى ........................................ 94
ئەتىرگۈل ........................................ 96
يىغلاپ تۇرۇپ سېنى سۆيگەندە ........................................ 97
سۆيۈملۈك ئالداش ........................................ 98
ئۇيقۇمنى ........................................ 101
كىچىنىڭ سۈرىتى ........................................ 103
ھەسرەتنىڭ تىلى ........................................ 105
قىزلار ........................................ 107
بۇ كېچە ........................................ 108
بەختلىك دەرەخ ........................................ 109
تىنچلىقتىكى سادا ........................................ 111
ساھىبجامال ........................................ 113
يىغلىغۇ تاغ ........................................ 115
مەڭگۈ ........................................ 119
يالغۇز ئايال ........................................ 121

| | |
|---|---|
| گۆھەرچى بېلىق | 123 |
| پىراق | 124 |
| قان يىغلايسەن ماڭا تەلمۈرۈپ | 126 |
| دىيالوگ | 127 |
| سۈرەتتىكى ئورخۇن دەرياسى | 128 |
| چۆليراق | 130 |
| كىتاب يايمىسى | 131 |
| كېپىنەك دالاڭغا مېنى ئېلىپ كەت | 134 |
| قايماق بازىرى | 136 |
| تۈن يېرىم بولدى | 138 |
| ئىپارخان كېچىسى | 139 |
| تەنھا ئانا | 141 |
| مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا | 143 |
| زەيتۇنگۈل | 145 |
| چۈش | 146 |
| سېنى ئاسراپ سۆيمەكچى بولدۇم | 148 |
| يەتتىنچى ئاسمان | 150 |
| توپا يېغىلقى | 152 |
| ۋىجدان ھەيكىلى | 153 |
| بىر كۆرۈپ كۆيۈش | 155 |
| ئەي ئىنسانلار | 156 |
| ئادەملىكىمدە قوي | 159 |
| بىلمەس | 161 |
| سېنىڭ ئاسمىنىڭ | 162 |
| بوم باياۋان | 163 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بادام چېچىكى ........ 164
بىرمۇ ئانا يوق بالا باقمىغان ........ 166
ئۆزۈمدىكى رەقىبلەر ........ 168
تېكىرقاش ........ 170
سۆكۈتتىكى قۇم بارخانلىرى ........ 172
كۆزلىرىمدە كۆيگەن گۈلسۇرۇخ ........ 175
ئوت ........ 176
بۇ كۆزلەر ........ 177
مېنى سۆيگەن چوغدەك لېۋىڭگە ........ 179
چۈشىنىش ........ 180
بۇغا ........ 182
باغراش كۆلى ........ 184
ئۇسما ........ 185
غېرىب كېمە ........ 186
باھانە ........ 187
ئالتۇن ئۆزۈك ........ 189
ئوت پەسلى ........ 192
جاڭگالدىكى غۇر - غۇر شاماللار ........ 193
سېنىڭ دەردىڭ ........ 195
قەشقەر ........ 196
نېسىپ بولسۇن ........ 197
شامال ۋە شائىر ........ 200
ئۇيغۇر قىزىغا ........ 202
تۈنگە ئوخشاش قارا چاچ ئايىم ........ 204
شام ........ 206
ئاسماننى كۆزۈم يوقاتتى ........ 207

ئۆرتىنەر ........................ 208
ئەكس سادا ........................ 210
جاھاندىكى ئەڭ ........................ 212
ئىقىۋاتقان ئوت ........................ 214
يامغۇر تىلەش ........................ 216
خىيال ........................ 219
سىيلىشتۇرما ........................ 222
ئوت ئىچىدە ........................ 224
سەن بىلمىدىڭ ........................ 226
قايتىش ........................ 227
قىينالدىم ........................ 228
ئوتقا يىغىۋاتقان قار ........................ 229
شەپە ........................ 231
يالغۇز ئىكەنمەن ........................ 232
مەن ئانامنىڭ كۆزىدە ........................ 233
مىنى كۆرگەندەك ........................ 235
بەختىيارلىق ........................ 237
ئاسمان سەندە بىر ئاسمان بولسا ........................ 240
چوغ تەم ........................ 241
يۈرەك تىۋىشى ........................ 243
ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە ........................ 244
كەپتەرۋاز ........................ 246
تۈن لىرىكىسى ........................ 247
كۆيۈپ تۇرغان دەرەخ ........................ 249
قۇياشنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە ........................ 251
گۈللەر ........................ 252

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


نىسپىيلىك ............................................ 254
ئەگەر سۇدەك ياشاي دېسەڭ ........................ 255
ئۇ بىر خەنجەر .................................... 257
گۈزەل خىيال ...................................... 258
يارۇ ................................................ 260
ھەسرەت ............................................ 262
كۆزياش تىلى ...................................... 263
كەچۈرۈم سوراش .................................. 264
يىغلاشقاي .......................................... 266
ئەي كۆڭۈل ........................................ 267
سۇغا ئايلانسام ................................... 268
كۈتۈش .............................................. 270
خوراز ............................................... 271
ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدا ............................ 272
جۇدالىق ............................................ 273
خاتىرە .............................................. 274
سەن بىلمىسەڭ ..................................... 275
ھايات سەپىرى ..................................... 276
يىغلاشنى ئۆگىنىش ................................ 278
كۆرۈشكۈمنى كەلتۈرۈپ .............................. 279
ئاتامنىڭ دەپنە مۇراسىمى ........................ 282
رەسىم ـ مۇزىكا، شېئىر .......................... 285
ئىزدەش ............................................. 286
غېرىب ............................................... 287
يوقلۇق ۋە بارلىق ................................... 288
مەندىن سىزگە قالغان خاتىرە ......................... 289

قوغلىشىش ........................ 290
ساڭا يازغان سالام خېتىمگە ........................ 291
سېنى ئەسلىسەم ........................ 292
ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ ........................ 293
بۈگۈن ۋە ئەتە ........................ 295
سىلىشتۇرما ........................ 296
ئوتنىڭ كۆزى ........................ 297
بىلىپ قوي ........................ 298
سېنىڭ قەلبىڭ ........................ 300
قىزىدى يۈرەكنىڭ قۇلقى ........................ 301
يۇلۇپ بەرگىن بىرتال چېچىڭنى ........................ 302
تەشۋىشلىرىم ........................ 303
تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ........................ 305
كۈتكىن ........................ 307
قۇش بىلەن سۆھبەت ........................ 310
يەنە تەنهالىق ........................ 312
مۇناجات ........................ 313
روھ شاملى ........................ 315
مەن - مەنمۇ ........................ 316
ۋاي - ۋاي ........................ 317
سەنسىز ........................ 319
دەيمەن ........................ 320
گۈلدەستە ........................ 321
يىغلاۋاتقان ئالما دەرىخى ........................ 323

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى



## ئۆزلۈك ناۋاسى

كۆزۈمگە تىك قاراپ تۇرغانلار،
كۈتمەكتە پەيت مېنى يالماشقا.
ئىزتىراپسىز تۇرىمەن ئوخشاپ،
ئىچىگە ئوت تۇتاشقان تاشقا.

يۈرىكىمدە تىرىلگەن بوران،
لەپىلدىتەر نەپرەت تۇغىنى.
تومۇرۇمدا لاۋۇلدىغان ئوت،
ئۆز باغرىغا باسار چوغىنى.

سەۋر سوۋۇپ مۇز قاتقان قاچا،
كۈن ـ تۈندە چۈشەيدۇ ئەگىز.
ئۆز ھالىمغا ئۆزۈم يەتمىسەم،
باھار ماڭا قارىماس ھەرگىز.

سەدىقىدىن كەلگەن سۆيگۈنى،
جەزمەن يەكلەپ قويىدۇ قەلبىم.
شۇ سەۋەبتىن بارچە مەيلىمنى،
يىتىرقىماي ئۆزۈمگە بەردىم.

2000 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئەي ئاسمان

ئورۇن بەر ئەي ئاسمان، ماڭا ئورۇن بەر،
سەھەردە كۆڭلۈمنى يۇغىلى چىقتىم.
بۇلۇتلار قاچمىغىن كۆز ياشلىرىمدىن،
پاكلىنىش روھىدا يىغلاپ تىلىقتىم.

قۇياشنىڭ يولىدا يوققۇ بىر بەلگە،
ماڭماقچى بولغانتىم ئازماي بۇ مەرتە.
يۈرەيمۇ ئەگىشىپ يۇلتۇز ئىزىغا؟
سىنىڭدە يوق ئىكەن كومپاس، خەرىتە؟

قەلبىمگە يامرىغان كورلۇق كېسىلى،
قىينىدى جىنىمنى مىڭ يىلدىن بىرى.
ئۈمىدلەر تەقدىرگە تەتۈر قارىدى،
روھىمغا لوك سالدى تۈنلەرنىڭ سېھرى.

ئۆلۈمتۈك كۆرۈنسەم تاشلىۋەت مېنى،
ئەي ئاسمان، مەن يەرنى قۇچاي ئۆلۈمدە.
قانلىرىم ماتەمنىڭ كۈيىنى يايسۇن،
زۇلمەتتە ئېچىلغان قارا گۈلۈمدە.

2000 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# جىگدە يېلىمى

بېشىمنى چىقارسام چۈش دەرياسىدىن،
تۇرۇپتۇ تاك سەھەر كۆزۈمگە قاراپ.
تاملارغا يامىشىپ ئۇخلىغان كېچە،
كېتىپتۇ باشقا بىر ئاسمانغا تاراپ.

ئالتۇندەك گۈللىگەن جىگدە چېچىكى،
تاشقىنلار ياساپتۇ نەپەسلىرىدە.
پەرىشتە ئۆيىدەك كۈمۈش ياپراقلار،
شامالنى رام قىپتۇ ھەۋەسلىرىدە.

شاخلاردىن تەپچىگەن ناۋات رەڭ يېلىم،
قايىنىغان ھىجرانمۇ كۈتۈش كۆزىدە؟
قىزلارنى چىلىغان ئۈنى ئوت پۇراق،
چاچلارغا لەۋ ياقسام دەمدۇ سۆزىدە؟

جىگدىگە ياندىشىپ ئۆسكەن تېرەكتە،
تومۇچۇق توخۇمى يېرىلسا چاك - چاك،
بۇ كۈتۈش پەسلىنىڭ يالقۇن كۆكسىدە،
يۇيۇلۇپ چىقىدۇ ھەممە بولۇپ پاك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەنجان تام ئۈستىگە يېپىلغان كۆكۈل،
بىر يۇلتۇز ئىزدەيدۇ بولۇپ شالدىرشاپ.
ئەگەردە شۇ يۇلتۇز مەن بولۇپ قالسام،
ئۇچاتتى قەلبىمدىن نۇر قانات ئاپتاپ.

قىرىق مىڭ سىر ياتقان قىرىق تال چاچقا،
ئەگەشسە مەن بىلەن توپىلىق يوللار.
لەرزىگە كېلەتتى مېنىڭ ۋۇجۇدۇم،
جەننەتكە كىرگەندەك بولۇپ ئۇدۇللا.

2004 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى



# سىنى مەندىن سورىغانلارغا

سىنى مەندىن سورىغانلارغا،
سۆزلەپ بەردىم ئۇزۇن ھېكايە.
ھېكايىنىڭ باش ـ ئاخىرىغا،
قارا بۇلۇت تاشلىدى سايە.

سىنى مەندىن سورىغانلارغا،
تاقىر تاغنى قويدۇم كۆرسىتىپ.
ئولتۇرىمەن ئېغىر خىيالدا،
بېشىمغا تاغ قونۇشنى كۈتۈپ.

سىنى مەندىن سورىغانلارغا،
مېنى مەندىن سوراڭلار دېدىم.
جاۋابلارغا ئىنتىلىپ تۇرغان،
مەن ئەسلىدە كۆپ سوئال ئىدىم.

2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تاش بوران

تاش بورانغا تۇتتۇم يۈرەكنى،
جىنايىتى چەكسىز رەزىللىك.
يېشىم تارام ـ تارام ئاقسىمۇ،
بەرمىدىم ھېچ ئاڭا كېپىللىك.

ئەسلى قاندىن پۈتۈلگەن تۇرۇپ،
خۇمار بولدى قانلار تۆكۈشكە.
دەۋەت قىلدى مېنى ئۈزۈكسىز،
قان دەرياسى ئىچرە چۆكۈشكە.

خىسلىتىمنىڭ پېيىنى كېسىپ،
ۋىجدانىمنى سېتىپ تۈگەتتى.
سۆيگۈ تۇغۇپ بەرگەن تۇيغۇمنى،
ئىپلاسلىققا تامام ئۆگەتتى.

كۆزلىرىمگە دۆۋىلەپ مۇزتاغ،
بەربات قىلدى باھار شەۋقىنى.
زەھەر بۇلاق ئىچىپ تىلىمدىن،
يوق قىلدى ئىت ـ ئىنسان پەرقىنى.

تاش بورانغا تۇتتۇم يۈرەكنى،
ھېساب بەردى كۈچلۈك نەپرەتكە.
بۇ دۇنيادا ھېچقانداق يۈرەك،
مېنىڭكىدەك قالمىسۇن دەردكە.

2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مۇھەببەت دەردى

شامال يۇدۇپ ئۆتەلمەس،
دەريا ئېلىپ كېتەلمەس،
يامغۇر يۇيۇپ سۇرتەلمەس،
مۇھەببەتنىڭ دەردىنى.

سۆزلەپ قايناپ ـ تاشقىلى،
ھەممىگە تەڭ چاچقىلى،
بولماس تاشلاپ قاچقىلى،
مۇھەببەتنىڭ دەردىنى.

بولۇپ دەردلىك بوز تورغاي،
مۇڭ تۆكۈشۈپ توختىماي،
تەڭ تارتىدۇ شاھ ـ گاداي،
مۇھەببەتنىڭ دەردىنى.

مۇھەببەتسىز نىشان يوق،
مۇھەببەتسىز ۋىجدان يوق،
تارتمايدىغان ئىنسان يوق،
مۇھەببەتنىڭ دەردىنى.

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

## بۇ جاھان

بۇ جاھان ئىنسان ئۈچۈن،
تۆت كۈن ئىكەنغۇ ئەسلىدە.
نېمە كۆپ قايغۇ ـ ئەلەملەر،
ئادەم ـ ھاۋانىڭ نەسلىدە.

بىرىدىن گەپ سورىسام،
ئاسماننى ئالماق ئىلكىگە.
بىرىدىن دەرد ئاڭلىسام،
يىغلايدۇ يۇلتۇز ۋەسلىدە.

بولمىدى بىر دەم تىنچ،
دۇنيا تالاشنىڭ قەستىدە.
قانلىرى دەريادا ئاقتى،
غوۋغايى ئالەم دەستىدە.

بىلمىدىم ئەۋلادلىرىم؟
بۇ ھالنى قىلغايمۇ تامام.
كۆكسىگە گۈللەر تاقاپ،
ئالتۇن باھار گۈل پەسلىدە.

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# كۆز ۋە ياش

ياش، كۆزۈمنىڭ تەكتىدىن،
ئۇقچۇپ ـ ئۇقچۇپ چىقتىڭمۇ؟
ھەسرىتىمنىڭ ئەۋجىنى،
يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۇقتۇڭمۇ؟

كىرپىك بىلەن خوشلىشىپ،
باقتىڭ قايسى مەنزىلگە؟
ئېقىپ نەگە بارىسەن،
دەريا ياساپ مەڭزىمگە؟

سېنى نېچۈن تۇسىمدى،
بەردىشىمنىڭ تۇغانى؟
يا تاشتىمۇ ياش بولۇپ،
يۈرىكىمنىڭ پىغانى؟

زارىقىسمۇ كۆزلىرىم،
ئەمدى قايتىپ كەلمەيسەن.
تامغان يەرنى كۆيدۈرۈپ،
ھەرگىز ئارام بەرمەيسەن.

ساڭا سىغقان قىسمەتنىڭ،
هەر بىرى مىڭ ئەپسانە.
يېرىلىك تاغ باغرىدا،
پەيدا قىلغان دۇردانە.

ياش، كۆزۈمدىن ئايرىلىپ،
نەدە توپان ئاتارسەن؟
مېنىڭكىدەك چىداملىق
كۆزنى كىمدىن تاپارسەن؟!

2000 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## سەنسىزلىك ۋە مەنسىزلىك

سەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتتىم،
سېنىڭمۇ ھەم كۆڭلىرىڭ مۈشكۈل.
ئارىمىزدا يىغلاپ تۇرغىنى،
تىكەن تەنلىك ياۋا ئەتىرگۈل.

دىل خاھىشى تەگدى جېنىمغا،
پارچىلاندىم ئىككى ئارالغا.
جاۋابىنى ئۆزۈملا بەردىم،
سېنى ساقلاپ تۇرغان سوئالغا.

سېنىڭ ئۇزاق قېيداشلىرىڭ،
تۇرامدۇ جىم ھېچنېمە دېمەي.
بىز بولمايلى قاقشال ئۇتتۇندەك،
بۇ باھاردا يەنە يېشىنمەي.

سۆكۈتۈمدە ئېگىرىلغان سادا،
يۈرىكىمگە سالدى تالاي دەز.
باشتىن يازاي ئىزھارلىرىمنى،
قەلبىڭ بولسۇن سامان رەڭ قەغەز.

سەنسىزلىك ھەم مەنسىزلىك بىزگە،
كېرەك ئەمەس تەن سۇۋۇماستا.
ئاچقىن قىيا دىل دېرىزەڭنى،
سىرغىپ ـ سىرغىپ مەن كىرەي ئاستا.

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مۇزداۋان

پەسىل قۇشىنىڭ پېيى تارتىشتى،
باھار ئېلىپ سەندىن ئۆتكۈچە.
مۇز دەۋرىدە ئۇخلاۋاتامسەن،
نېمىدېگەن سۈرلۈك بۇ كېچە؟

سىڭىپ كېتەر قارنىڭ كۆكسىگە،
نەپەسلىرىڭ تۇغقان شىۋىرغان.
ئاسمىنىڭدا لەيلىگەن تۈتەك،
بەلكى ساڭا تەلمۈرگەن ھىجران.

ئاتلىرىنى ھەيدىگەنلەرنىڭ،
تالاي ئىكەن سەندە قىسمىتى.
مۇزغا ئېقىپ قاتقان كەچمىشىڭ،
كىملەر ئۈچۈن بولۇر قىممىتى؟

ئاي كۆز يۇمۇپ ئۆتمىگەن بولغاي،
سېنى بەزلەپ ياتقان كېچىدىن؟
بايقىۋالدىم ساڭا كۆز تىككەن،
يۇلتۇزلارنى يۇلتۇز ئىچىدىن.

بىزگە يازغان سالام خېتىڭمۇ،
ئويناپ ئاققان مۇزئارت دەرياسى؟
چۆشلىرىڭنى بۇزماقچى ئەسلىي،
رەڭلىرىدە گۈلنىڭ غوۋغاسى.

كۆيەر چوقۇم باغرىڭ چاراسلاپ،
تۇتقان چاغدا باھار تولغىقى.
ئاتلارسەن پەقەت شۇندىلا،
بۇ دۇنيانىڭ بولۇپ ئويغىقى.

2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## قىيىنغىن

مەيلى كۈندۈز، مەيلى كەچ،
ئوت ـ سۇلۇقدا قىيىنغىن.
خەنجەر ئۇرۇپ يۈرەككە،
ئۆز قولۇڭدا قىيىنغىن.

مۇنار بولساڭ ئەگەردە،
تاقاشقۇدەك ئاسمانغا.
تىلسىز قارا تاش بولاي،
ئۆز ئۇلۇڭدا قىيىنغىن.

دەردىڭ چىقسا مەن بىلەن،
دەردىم چىقار سەن بىلەن.
يىلان تىللىق قامچىدا،
بىر بۇلۇڭدا قىيىنغىن.

پۇلسىراتقا ھەيدىگىن،
كۆلۈپ ماڭاي مەردانە.
ئوت بىلەن تەڭ تولغىناي،
ئۆز يولۇڭدا قىيىنغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



بۇ دۇنيانىڭ قىسمىتى،
ياغسۇن قارا يامغۇردەك.
دەرد ـ ھەسرەتكە لىق تولغان،
بىر تۇلۇمدا قىيىنغىن.

2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى



## بەردىڭ

رىزىقنى سەن يېرىم بەردىڭ،
ئەلەم ـ دەردنى پۈتۈن بەردىڭ.
قىلىپ چوغدان ۋۇجۇدۇمنى،
نەپەسلەرگە تۈتۈن بەردىڭ.

كۆزۈم گۈلشەنگە ئايلاندى،
زىمىستاندا چېچەك يىغلاپ.
قۇياشنى زارىقىپ كۈتسەم،
سەھەر ئورنىغا تۈن بەردىڭ.

يارالغانمۇ مېنىڭ جىسمىم،
ئۆزىنى نەچچە بۆلمەككە.
ئىشقىنىڭ مىڭ ئاياغىدا،
ماڭا ئۆلمەككە كۈن بەردىڭ.

بۇ ھەسرەت چىللىدى تاغنى،
كېچەڭگە تاشلىدىم داغنى.
دىلىنى ئاغرىتىپ نەيىنىڭ،
ماڭا يىغلاشقا ئۈن بەردىڭ.

2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## جەبىر تولغان پىيالەمدە

بولۇپ سىم ـ سىم ياغار يۇلتۇز،
پەلەكتىن ئاھ ئۇرۇپ غەمدە.
تىنچ ئاققان ئەزىم دەريا،
تاشار بىر قەترە نالەمدە.

ئىش ئەللامىسى مەشرەپ،
چىقار قايتا ئېگىز دارغا.
كۆرۈپ ئەكسىنى نالەمدىن،
ۋاپاسىز ئۇشبۇ ئالەمدە.

سۆيۈشنىڭ قەسرىدە سۇلتان،
بولۇپ كۆلگەندىم بىر چاغ.
يۈرەك قان لەختىدۇر ئەمدى،
غېرىب كۆلبەمدە ـ خانەمدە.

چۈشۈمگە كىرمگەن دەشتكە،
بۈگۈن مۇشتاق، مۇيەسسەرمەن.
ۋۇجۇدۇم قاغجىراپ ياندى،
كۆيۈپ ئوت دانە ـ دانەمدە.

كۆيۈكتىن يانمىسام ئەسلى،
ئازاب كەلمەس ئىدى ھىدلاپ.
جاھاننىڭ دەردىنى ئوتلاي،
جەبىر تولغان پىيالەمدە!

2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# يۈرەك مىڭ كۆزدە يىغلايدۇ

قەدىناس بىز، ئۇيۇل تاش بىز،
تىلەك دىللارنى چوغلايدۇ.
سۆيۈپ ئاندىن سۆيۈلگەننى،
جاھان مەڭگۈ ئۇلۇغلايدۇ.

كۆڭۈل ئاسمانىمىز چەكسىز،
ئۈمىد يۇلتۇزىمىز سانسىز.
قارا تۈن پەردىلەر يايسا،
يەنە تاڭ نۇردا قوغلايدۇ.

ساداقەت بابىدا چوغسەن،
سىنىڭسىز مەن زىمىستاندا.
جۇدا خائىنلىرى كەلسە،
ۋاپا ئۇيقۇنى يالمايدۇ.

كۆنۈك بولسا ئەگەر غەملىك،
كۆزۈڭگە يامرىسا نەملىك.
يىگەن ئاشىم زەھەر تەملىك،
يۈرەك مىڭ كۆزدە يىغلايدۇ.

تىلىكىم شۇ ئۆلۈپ كەتسەم،
قەسەمنى قەستكە ئۇچراتماي.
ئوغۇل لەۋزىنى بۇزماقلىق،
ھامان ۋىجداننى بۇلغايدۇ.

2002 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ساڭا ئېيتقان يۈرەك سۆزۈمنى

ساڭا ئېيتقان يۈرەك سۆزۈمنى،
بىر سەن، بىر مەن، بىلەر بىر خۇدا.
سىڭىپ كەتسۇن قەلبىڭگە سۇدەك،
تاغقا ئوخشاش قايتۇرما سادا.

ساڭا ئېيتقان يۈرەك سۆزۈمنى،
سىزساڭ قىلىپ بىر پارچە رەسىم.
قونغان بولار ئىدى باغرىڭغا،
كۆيۈپ ئاققان دەرياغا ئەزىم.

ساڭا ئېيتقان يۈرەك سۆزۈمدىن،
ئۈنۈپ چىقسا بىر قويۇق ئورمان.
ھەربىر شاختىن، ھەربىر ياپراقتىن،
تۆكۈلەتتى يۇلتۇزدەك ئارمان.

ساڭا ئېيتقان يۈرەك سۆزۈمنىڭ،
ئاڭلىسا قۇش مىڭدىن بىرىنى.
كۆككە ئۇرۇپ قانغا بويايتتى،
ئاق بۇلۇتنىڭ ھەممە يېرىنى.

2003 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# شامالنىڭ ھەيكىلى

قانات ئۇردۇڭ ئەينەككە يەنە،
ئىزدەپ كەلدىڭ مېنى ئېھتىمال.
ئۇخلاتمىدى قانداق مۇھەببەت،
سىرلىرىڭنى ئېيتقىنا شامال؟

سەن سىرتتا، مەن ئۆيىنىڭ ئىچىدە،
ئارىمىزدا بىر قات ئىزتىراپ.
قىش قەلبىگە ئوندۇرمە تېرىپ،
ئېپ كەلدىڭمۇ باھارغا ئوراپ.

نۇرغا تولغان يوپۇرماقلارنىڭ،
جىلۋىسىدە نازىك ئۇخلارمۇ؟
گۈلنى ئويناپ ئۆتسەڭ سەھەردە،
شەبنەم ئېقىپ ـ ئېقىپ يىغلارمۇ؟

سەن دالادا كۆندە كىشنىسەڭ،
قىلىقلاندى ھەممە ئىچىدىن.
ئاينىڭ بېشى يەتتى زېمىنغا،
يۇلتۇز بىدار چىقتى كېچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىر يەرلەرگە ئۆچتى سەن بىلەن،
ئېپتىخاردا قۇشلار غۇرۇرى.
قەلبىڭدىكى ئۇرۇقلار بىلەن،
تۆت پەسلىنىڭ ئاشتى ھۇزۇرى.

تاغ زېمىنىنىڭ، دەرەخ يىلتىزىنىڭ،
ياسىۋالغان ھەيكىلى ئىكەن.
ئۆز كويىدا ھالسىرار ھەممە،
سەن بىپەرۋا يۈرگىنىڭ بىلەن ...

ھەيكەل قاتقان مۇھەببەت، شۇڭا،
يۈرەك يېرىپ يېزىلغان باھا.
ھەيكىلىڭنى روھىمغا تىكلەپ،
ئۇچقۇم كەلدى سەن بىلەن تازا.

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



## تۆت پەسىل قوشىقى

1

ئاۋازىنى ئاڭلاپ كاككۇكنىڭ،
باغ ـ باغلاردا يېشىلدى تاللار.
تاڭ سەھەرنى ئويغىتىپ بالدۇر،
ئۆز تىلىدا سۆزلىدى جانلار.
قىرىق ئۆرۈم چىچى بار قىزدەك،
تۇسكە كىردى يېشىل بوستانلار.

2

تەبىئەتنىڭ نەپسى يالقۇن،
ئالتۇن لېگەن كۈننىڭ سىماسى.
ئاڭلىنىدۇ يىراق ـ يىراقتىن،
خامانچىنىڭ «لاي ـ لاي» ساداسى.
ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە تاشار،
ئۆركەش ياساپ ھەۋەس دەرياسى.

3

قاتار ـ قاتار ئۇچقان تۇرنىلار،
بىزنى تاشلاپ نەگە ماڭدىڭلار؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



گەپ تالىشىپ بۇ ئاسمان بىلەن،
ئارازلىشىپ قالغانمىدىڭلار؟
باشقا يۇرتقا باھار كەپتۇ دەپ،
كىمدىن خەۋەر ئاڭلاپ قالدىڭلار؟

4

ئاسماندىكى ئۆرۈكزارلىقنىڭ،
چېچىكىنى كىملەر قاققاندۇر؟
ئاپپاق لىباس كىيگەن دالالار،
نېچۈن ئۇخلاپ جىمجىت ياتقاندۇر؟
زۇمرەت كەبى ئويناق، شوخ سۇلار،
نە سەۋەبتىن مۇز بوپ قاتقاندۇر؟

2006 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قىرىق بىر يۈرەك

قىرىق بىر كېچە، قىرىق بىر كۈندۈز،
كۆكۈلگە پۈكۈلگەن قىرىق بىر ئارمان.
سېنى باغرىغا چىللاپ تۇرغىنى،
قىرىق بىر دەريا، قىرىق بىر ئورمان.
كۆرگەنلىرىڭ شۇ چۈشلەر پەسلىدە،
قىرىق بىر قەرنىدىن ئاۋۋالقى زامان.

قىرىق بىر داۋان، قىرىق بىر چوققا،
ئۇپرىغان پۇتتا قىرىق بىر ئاياغ.
قىرىق بىر غىلمان كۆڭلۈڭ قېتىغا،
نەقىشلىگىنى قىرىق بىرلا داغ.
هاساڭ يىگىندىن كىچىكلىگەندە،
يەنە بىر پەللە قۇچاق ئاچقان چاغ.

قىرىق بىر دىۋە، قىرىق بىر يىلان،
مۈشكۈلات سالار قىرىق بىر قەۋەت.
قىرىق بىر كۆرۈم، قىرىق بىر ئۆلۈم،
سېنىڭ ئالدىڭغا تاشلايدۇ نۆۋەت.
قىرىق بىر خىيال، قىرىق بىر چۆچۈش،
ئالدىڭغا ماڭساڭمۇ ـ ماڭمىساڭمۇ دەرد.

قىرىق بىر قەلئە، قىرىق بىر ئوردا،
قىرىق بىر سۇلتان سۇرىدۇ بەزمە.
قىرىق بىر قىلىق، قىرىق بىر خۇلق،
ئەس ۋە ھوشۇڭنى ئالىدۇ نەغمە.
قىرىق بىر تۇلۇم ھەسرەت ئىچىدە،
پادىچى تازىنىڭ سۆزلىرى ئەزمە ...

قىرىق بىر ھۇجرا، قىرىق بىر ئىشىك،
سىيلىنغان ئاڭا قىرىق بىر قۇلۇپ.
ئاچقۇچلىرى قولۇڭدا تۇرۇپ،
بىر ئاخشامدىلا كەتكەن يوقىلىپ.
قىرىق بىر كۆنلۈك يولنىڭ بويىدا،
قىرىق بىر خىسلەت ياتقان باسۇرۇپ.

قىرىق بىر سىرلىق ساندۇق ئىچىدە،
قىرىق بىر قىزنىڭ ھۆسنى گۈل پورەك.
كۆز چانىقىدا قاتقان قانلاردا،
چولپان يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ تىلەك.
ئالتۇن ئوقيانى سانجىپ بىغىشقا،
كۆلۈپ ياتىدۇ قىرىق بىر يۈرەك.

2007 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## تەكلىماكاندا

توغراقلارنىڭ يىلتىزى بار،
يۇلغۇنلارنىڭ ئېتىزى بار،
ئەجدادلارنىڭ ھىد ـ ئىزى بار،
سائادەتنىڭ يۇلتۇزى بار،
تەكلىماكاندا.

ئانام ئېيتقان بىر چۆچەك بار،
تارىخ قىسقان گۈل ـ چېچەك بار،
كۆيۈپ تۇرغان ئوت يۈرەك بار،
تاغدەك يوروق بىر تىلەك بار،
تەكلىماكاندا.

بۈركۈتلەرنىڭ قىياسى بار،
ئوغۇزخاننىڭ ئوقياسى بار،
پەرىشتىلەر زىياسى بار،
ملىيون كۆڭۈل دەرياسى بار،
تەكلىماكاندا.

2007 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

## پەريات

مەن يىراقتا كۆيمەكتىمەن،
بارغانچە ئەدەپ.
ئۆز ئوتۇمنى ئۆزۈم قالاپ،
ئاھىمدا پۇۋلەپ.

ئەتراپىمدا يۈرگەن شامال،
كۆتۈرەر پەريات.
سىنىڭ گۈزەل ئازابىڭدا،
ۋۇجۇدۇم ئاۋات.

بۇ قىسمەتلەر ماڭا ئامەت،
تەڭرى سىنىقى.
كۆزلىرىمدە ئاچتى چېچەك،
گۈلنىڭ قىنىقى.

مەن يىراقتىن كۆرۈپ سىنى،
سۆيۈپ قالغانمەن.
ئۆز بوينۇمغا ئارغامچىنى،
ئۆزۈم سالغانمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەن سۆيگەننى سۆيۈپ ـ سۆيۈپ،
ياشايمەن ئەبەت.
بەرداشلىرىم بۇ دۇنياغا،
تارقىتار تاقەت!

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى



## دەردلىرىڭگە قونۇۋالغۇم بار

ئېرىقىڭدا ئېقىپ بارغۇم بار،
ئاي يۇيۇنغان سۇغا ئايلىنىپ.
دەردلىرىڭگە قونۇۋالغۇم بار،
بوسۇغاڭنىڭ ئاستىغا سىڭىپ.

كۆكسۈمدىكى پىغانلىرىمنى،
ئۇسۇپ ماڭساڭ ئۆيگە بىر چېلەك.
ساڭا تىزغان ئارمانلىرىمنى،
بىلسە دىلىڭ زۆھرەنىڭكىدەك.

مەندەك ئېرىپ كەتسە ۋۇجۇدۇڭ،
شېئىر قونۇپ قانسا لېۋىڭگە.
نەپسىڭدىن بالقىغان ئوتۇڭ،
باھار يايار ئىدى زېمىنگە.

ئېرىقىڭدا ئېقىپ بارغۇم بار،
سەن زارىققان سۇغا ئايلىنىپ.
دەردلىرىڭگە قونۇۋالغۇم بار،
سەھەردىكى شەبنەمدەك يېنىپ.

2008 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## سېنى دېدىم

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچمەي جاھاندىن.
سوراپ بىلگىن ئەھۋالىمنى،
مىسكىن غازاڭدىن.

سەن ئاسماندا ھۇجرا تۇتساڭ،
ئۇچۇپ بارايمۇ؟
قانىتىمغا ھىجران ئاچقان
گۈللەر تاقايمۇ؟

مېنى دېسەڭ قون يۇلتۇزدەك
ئېرىنلىرىمغا.
سىرلىرىڭنى پىچىرلىغىن
بېلىقلىرىمغا.

دوڭقوتاننىڭ ئوقۇرىغا
ماكان تىزايمەن.
شامالّلارنىڭ يۈرىكىگە
پىراق سىزايمەن.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم
كەچمەي بۇ جاندىن.
نەقىش ئويدى سېنىڭ دەردىڭ
باغرىمغا قاندىن.

2008 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# بۇلۇتلار

كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار،
ھەيكىلىسەن قانداق ھىجرانىڭ؟
كىملەر بىلىپ ھالىڭغا يېتەر،
سەندە ئىگراپ تۇرغان شۇ جانىڭ.

قونساڭ گاھى تاغنىڭ بېشىغا،
قار بېرەمدۇ چۈشىنى ئۆرۈپ؟
تولۇن ئايغا ھەۋەس قىلامسەن،
يۇلتۇزلارنىڭ قېتىدا كۆرۈپ؟

قانىتىڭغا مىنسەڭ شامالنىڭ،
شادلىنامسەن يىغا ئارىلاش؟
قېتىپ قالغان ياشلىرىڭمىكىن،
سۇكۇناتقا چۆمگەن رەڭلىك تاش؟

قۇشلار ساڭا ئۇۋا ياسىسا،
باللىرىڭغا دەردىڭ يۇقارمۇ؟
سەن يۇغلى ماڭساڭ ئاسماننى،
لاچىن ئەگىپ كېلىپ سوقارمۇ؟

كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار،
ھەيكىلسەن قانداق ھىجرانىڭ؟
تەشۋىشلەرگە كۆمۈلدى كۆڭلۈم،
بىر چېتىدە تۇرۇپ ئاسمانىڭ.

2008 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## سەن يوق يەردە

سەن يوق يەردە كۈندۈز يوق دېسەم،
سەن يوق يەردە يۇلتۇز يوق دېدىڭ.
سەن يوق يەردە ئاسمان يوق دېسەم،
سەن يوق يەردە ئارمان يوق دېدىڭ.
سەن يوق يەردە تىلىم يوق دېسەم،
سەن يوق يەردە خىلىم يوق دېدىڭ،
سەن يوق يەردە ئۆزۈم خار دېسەم،
سەن يوق يەردە دۇنيا تار دېدىڭ.
سەن يوق يەردە ئۆلگۈم بار دېسەم،
سەن يوق يەردە دوستۇم دار دېدىڭ.
سېنىڭ ئۈچۈن ياشىماق بولدۇم،
مېنىڭ ئۈچۈن ياشىماق بولدۇڭ.
قۇچىقىڭغا ئوت بولۇپ تولدۇم،
يۈرىكىمگە دەرد بولۇپ قوندۇڭ.

2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

## ئاداشتىم

مەن ئەگەر ئاداشسام سەندە ئاداشتىم،
يولۇڭغا قوشۇلغان يولدەك ياراشتىم.

كەربالا چۆلىدە قويساڭمۇ تەنھا،
ئاھۇغا ياندىشىپ كۈلۈپ ـ يىغلاشتىم.

قاپقارا تۈنلەرنى تۇغسىمۇ ھىجران،
يەنە بىر ئاسماندىن تاڭغا ئۇلاشتىم.

پەلەكنىڭ پەيمانى كەلسىمۇ تەتۈر،
تېشىمدا قۇرۇدۇم، ئىچىمدە تاشتىم.

ئىزغىرىن شامالدەك چۈشۈڭنى بۇزدۇڭ،
كىرىشكەن كىرپىكنى ئالدىدىم، قاچتىم.

2009 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



## ئۇلار كۆزىدە ئۇلارغا باقساق

ئېھتىمال
گۈللەر گۈللەرگە قارايدىغاندۇ،
قايغۇ ـ شادلىقتىن پۇرايدىغاندۇ،
شاماللار ئۇچۇپ شاخلارغا قونسا،
دەرەخ رەشكتىن ھۇۋلايدىغاندۇ،
ئاسمانغا يەتسە يىلتىزنىڭ ئاھى،
ئاسمان چىدىماي يىغلايدىغاندۇ،
ئۇلار كۆزىدە ئۇلارغا باقساق.

ئېھتىمال
كىرپە كۆيۈمچان، يىلان جاناندۇر،
ئۆمۈچۈك مەجنۇن، بال سۆز چاياندۇر،
پاشا غەزەلخان، پاقا ئوت يۈرەك،
قوڭغۇزنىڭ قەلبى نۇردەك ئاياندۇر،
كىلەر ئۇيىدا چۆل ئالتۇن ساراي،
سازاڭ دىلىدا سۆيگۈ قىياندۇر،
ئۇلار كۆزىدە ئۇلارغا باقساق.

ئېھتىمال
مىسلى تولۇن ئاي ئىمساھنىڭ يۈزى،

چولپان يۇلتۇزدۇر مولۇننىڭ كۆزى،
مېھىر ـ شەپقەتنى رەھنەما قىلغاچ،
ئاپتاپتىن ئىللىق يولۋاسنىڭ سۆزى،
ئىت ئەقىدىدە سۇلتان ئاتىلىپ،
گۈل پۇرايدىغاندۇ بۆرىنىڭ ئىزى،
ئۇلار كۆزىدە ئۇلارغا باقساق.

ئېھتىمال
تاشتىن قاتتىقتۇر ئادەمنىڭ دىلى،
ئوغا ـ زەھەردۇر ئادەمنىڭ تىلى،
بۇ دۇنيانى يالماپ بولسىمۇ،
تويدۇم دېمەيدۇ ئادەمنىڭ گېلى،
تەگرى شۇنداق ياراتقان مەخلۇق،
ياۋۇزلۇقتا يوق بىرمۇ خىلى،
ئۇلار كۆزىدە ئادەمگە باقساق.

2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## يول

مېنى نېمشقا ماڭدۇرماقچىسەن؟
مېنى نېمگە قاندۇرماقچىسەن؟!

ۋاقىت ئىتتىرەر ھەردەم ئالدىغا،
سەن ئالالمايسەن مېنى دالدىغا.
چۆلدىن ئۆتىمەن، كۆلگە يېتىمەن،
بىر يۇتۇم سۇمۇ ماڭا سادىغا.

قالىمەن بىرچاغ قۇياشقا ئۇچراپ،
چىققۇم كېلىدۇ ئاسمانغا چاچراپ.
سايەم ئۇگۇمدىن سولغا ئۆتىدۇ،
يىغلايمەن ساڭا ئۆزۈمنى تاشلاپ.

قۇش بىلەن قۇشنىڭ تىلى بىر ھامان،
ھەر تىنىقىدا تۆكۈلەر ئارمان.
شامالللار كېلىپ ئۇراپ ئالىدۇ،
مېنىڭ كۆكسۈمدە ئۈنلەيدۇ زامان.

كۈندۈز كېچىگە كىرىپ ئۇخلايدۇ،
يۇلتۇز دەردىنى يۇلتۇز ئۇقمايدۇ.

سۇر رەڭلىك تۇمان، دىلىمدا گۇمان،
كۆزۈمدە ئاينىڭ نۇرى توختايدۇ.

ماڭا پاياندار ئۆمۈچۈك تورى،
سەن بولساڭ ئۇنىڭ تۈگىمەس خورى.
مەن كەتتىم ئۆيدىن بەكمۇ يىراقلاپ،
قالدى دەپتەرنىڭ ئىككىلا قۇرى.

ماڭا نېمىنى بىلدۈرمەكچىسەن،
مېنى نېمىدە كۆلدۈرمەكچىسەن؟!

2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئاي ئاسماننىڭ يۈرىكى بولسا

ئاي ئاسماننىڭ يۈرىكى بولسا،
سەدىپارىسىمكىن يۇلتۇزلار؟
ئاي توختىماي مەندەك يىغلىسا،
قانداق چىدار كۆكتە ئىتىزلار؟

ئاي باغرىدىن ئۇچقان چاچراندى،
بولامدىكىن قاپقارا بۇلۇت؟
كەڭ ئاسمانمۇ غەمسىز ئەمەسكەن،
كۆكسۈم تېزدىن دەردىڭنى ئۇنۇت.

ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئۇنىمسۇن،
كۆك تىترىسە چاقماق چېقىلىپ.
بوران مېنى سۈپۈرۈپ ئالغىن،
مەن ئاسمانغا كېتەي يىقىلىپ.

2010 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ماڭا يېقىن ئۇۋا سالغىن، قۇش

خىيالىمغا ئوخشايسەن ئەينەن،
خەرىتىگە سىغمايدۇ قەلبىڭ.
قاناتلىرىڭ تەسكىن تاپىدۇ،
يۇلتۇزلارغا قونغاندا دەردىڭ.

ئوت كۆكلەيدۇ تىنماي ئۇۋاڭدا،
ئاۋازىڭدا ياپيېشىل تىنىق.
كۈلۈپ تۇرار كۆكسۈڭدە كۆكلەم،
نەگە بارما مەۋقەيىڭ ئېنىق.

باللىرىڭ تارتسا رىيازەت،
نالەڭ بىلەن تىترەيدۇ ئورمان.
كۆرگىنىم يوق ياش تۆككىنىڭنى،
ياكى ياشتىن پۈتكەنمۇ تۇمان؟

ھەۋىسىم بار كەپسىزلىكىڭگە،
ماڭا يېقىن ئۇۋا سالغىن، قۇش.
روھىم قونسۇن قاناتلىرىڭغا،
بۇ تېنىمدە بولغۇچە بىھوش.

2011 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## تۇنجى قار

دېرىزەمگە چېچەك چېكىپسەن،
ئاۋازىڭنى شاخلارغا ئويۇپ.
يەر كۆكسىدىن تاپتىڭمۇ ۋىسال،
مېنى شېرىن ئۇيقۇغا قويۇپ.

ئاسمان يىغلاپ يوللىغان سالام،
ماڭا كەلدى بەلكى سەن بولۇپ.
كۆزەتكەنسەن، ھەر كېچە شۇنداق،
ئەلەم ئۇخلار باغرىمغا قونۇپ.

يامغۇر تېخى ئۇلۇشكۈن كېچە،
ماڭا ئېقىپ ـ ئېقىپ سىر تۆككەن.
خىيالىمغا قاراپ خازانلار،
ياقا تۇتۇپ سۆكۈتكە چۆككەن.

بۆشۈكىگە بۆلەپ ئەنجۈرنى،
ئانارغا خوش دېگەنتىم تېخى.
تۇرنىلارغا تۇتقان يوللۇقۇم،
بولغانىدى ھىجراننىڭ دېغى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


ساڭا قۇچاق ئاچتىم، مەرھابا!
ئىچىدە ئوت كۆيگەن تۇنجى قار،
ئۈمىد ماڭا بېرەر تەسەللى،
سەن كەلمىسەڭ، كەلمەيدۇ باھار.

2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى



## سەۋر

بىر تومۇردا قان قالدى،
بىر تىنىقلا جان قالدى…

مەن سەۋر سوقۇپ چىققان،
زەنجىرگە بەند، بىلىمەن.
ئىچ - ئىچىمگە پاتىمەن،
يىغلاپ تۇرۇپ كۈلىمەن.

قارا قىلدى كۆڭۈمنى،
قارا كۆزلۈك بىر پەرى.
قارا تاشقا ئايلاندى،
كۆزلىرىمنىڭ گۆھرى.

يىلىنىڭ ئېغىر دەردىنى،
ئارتتۇالدىم كۆڭلەرگە.
كۆزلىرىمنىڭ يېشىدىن،
يۇلتۇز سەپتىم تۈنلەرگە.

مۇھەببەتنىڭ لىۋىگە،
قونغان مۇڭلۇق نەي بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دەردىم ئىچتى دەردىمنى،
ئۆز - ئۆزۈمگە مەي بولدۇم.

بىر تومۇردا قان قالدى،
بىر تىنىقلا جان قالدى ...

2011 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى



## مېنىڭ دالامدا

كېيىكمىدىك قاچتىڭ قېيغىتىپ،
قارا گۈلدەك كۆزى قاپقارا.
مەن باغرىمنى ئاسمانغا قوشۇپ،
ساڭا ئاچتىم بىر چەكسىز دالا.

يۈرىكىمدىن ئۇچقان سۆزلەردۇر،
ئېتىكىڭگە قونغان يۇلتۇزلار.
ھىجرانىمنى سۈرەتلەپ بېرەر،
دەردىم ياشناپ تۇرغان ئېتىزلار.

ساڭا ئاققان مېنىڭ ھەۋىسىم،
پەرىشتىنىڭ مېھرىدەك مەيىن.
بۇندىن باشقا كۆڭۈل سىرىمنى،
چۈشەندۈرۈش قىيىندۇر - قىيىن.

كېيىك بولساڭ دەريادەك ئويناق،
قاچ، ئۆركەشلەپ مېنىڭ دالامدا.
يوللىرىڭدا قان تېمىپ تۇرغان،
گۈل ئېچىلسۇن مېنىڭ يارامدا.

2011 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## كېپىنەك نىداسى

بىر تېنىمنى مىڭ ئۇتقا سالدىم،
باھار كۈتۈپ قىش پىنھانىدا.
نۇر رەڭگىدىن قاناتلار ئالدىم،
ئەرك سىغماي قالغان دالادا.

تىلەك تۆكتۈم كۆككە سىغىنىپ،
پورەك ئاچتىم چېچەكتىن بۇرۇن.
مەندەك ئاقتى سۇ قىلىقلىنىپ،
ئېدىرلارغا يېيىلدى دۇردۇن.

كېچە كۆككە يۇلتۇز تۆككەندەك،
گۈلگە تۆكتۈم گۈلنىڭ سىرىنى.
ئاي يەكسىرىن نۇرنى سەپكەندەك،
چاچتىم تىنماي دۇنيا مېھرىنى.

لېكىن بۇلبۇل ئۇچمە كۆڭۈل دەپ،
نەقىللەرگە ئالماقتا تەكرار.
بۇ دۇنيادا بولسا لىللا گەپ،
مېنى ئاقلاپ قويساڭچۇ باھار!

يىلتىزىڭنى شاخلاتماق بولۇپ،
قونۇپ ئۆلسەم قىشنىڭ لېۋىگە.
قانىتىمنى مۇزلاردىن يۇلۇپ،
كۆمۈپ قويغىن گۈلنىڭ تېۋىگە.

2011 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بىلەيلى

— شائىر ئەزىزگە

ئۇنىڭ ئاھىدىن گۈلنى،
ئېچىلغان دەپ بىلەيلى.
خىيالىدىن يۇلتۇزنى،
چېچىلغان دەپ بىلەيلى.

كەندىر ئېچكەن شەبنەمنى،
ياشلىرى دەپ بىلەيلى.
سۆكۈتنى غىڭ ساينىڭ،
تاشلىرى دەپ بىلەيلى.

قارا - قارا بۇلۇتنى،
نەپسى دەپ بىلەيلى.
بۇژغۇن - بۇژغۇن بۇلاقنى،
ھەۋىسى دەپ بىلەيلى.

بارخان - بارخان قۇملارنى،
دەردلىرى دەپ بىلەيلى.
شاخلاپ چاقىغان چاقماقنى،
گەپلىرى دەپ بىلەيلى.

2011 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

## مەجنۇن ۋە مەلئۇن

مۇھەببەت يولىدا ماڭسام بىر قەدەم،
مۇشكۈلات يەلكەمگە قونار بىر قەۋەت.
شادلىقتىن ۋۇجۇدۇم قايىنايدۇ ھەردەم،
باغرىمغا چاڭگىلار تىزسىمۇ ھەسرەت.

كۆزۈمنى باغلايدۇ ئۇپۇق سىزىقى،
يۇلتۇزلار چاندۇرماس تەنھالىقىمنى.
يۈرەككە ئورنىغان ئىشق قىزىقى،
ئېسىمگە سالىدۇ بەرنالىقىمنى.

ھىجراننىڭ ئەلمى كېچىنى رەڭلەپ،
زىندانغا تاشلايدۇ ئاسايىشلارنى.
روھىمدا يار تۇرار نۇردەستە تەڭلەپ،
باھارغا يەم قىلغان كەبى قىشلارنى.

مۇھەببەت يولىدا ماڭسام بىر قەدەم،
مىڭ قەدەم يېقىنلاپ كېلىدۇ مەجنۇن.
رىيازەت چېكىشكە رازىمغۇ ئادەم،
مەن جۇنۇن، مەن مەجنۇن، بولمايمەن مەلئۇن.

2011 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ۋەسىل

سېنى قۇچاقلىدىم،
غۇلچىم دۇنياغا يەتتى،
ئوتتا كۆيگەندەك لەرزىگە كەلدىم.
تىكىلدىم كۆزلىڭگە
بىر چوڭقۇردىن ئاسمان تاپتىم،
يۇلتۇزلار تۇركۇمگە يۆتكەلدىم!
بەلكى بۇ ماڭىلا يارالغان پەسىل.
بىر تامچە شەبنەمدە دەرياچە ۋەسىل!

2011 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى



## قىزىلگۈلۈم

قىزىلگۈلۈم ئىدىڭ ئەسلىدە،
دېرىزەمدە باغچانىلاپ ئۆسكەن.
ئۇن ـ تىۋىشسىز پورەكلىرىڭگە،
مەن يۈرەكنىڭ قېنىنى تۆككەن.

قىزىلگۈلۈم ئىدىڭ ئەسلىدە،
خۇش پۇرىقى دۇتار ئۈنىدەك.
ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ قانمايتتىم ئەسلا،
بىر ئىلاھىي ھىجران كۈيىدەك.

قىزىلگۈلۈم ئىدىڭ ئەسلىدە،
بىر كېچىدە قۇرۇدۇڭ نېچۈن.
يىلتىزىڭغا كىرىپ كەتتىمۇ
ئاھلىرىمدىن تارىغان تۈتۈن؟

2012 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## چۈشلەر مېنى تولا ئازدۇرۇپ

چۈشلەر مېنى تولا ئازدۇرۇپ،
ئېلىپ چىقتى سامانيولىغا.
يۇلتۇزلاردىن نۇردەستە تىزىپ،
قويۇپ قويدۇم ئاينىڭ يېنىغا.

كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچقان،
ھۆرلىقانىڭ قەسرىگە باردىم.
ھەمراجاننىڭ قەلبىگە كىرىپ،
بىر دەرياغا ئايلىنىپ قالدىم.

ياغاچ ئاتقا مىنگەن شاھزادە،
لاچىن كەبى ئۇچتى ئۈستۈمدىن.
سالقىن ئەمەس، ئالتۇنبىلىقتەك
چوغ چاچرىدى مېنىڭ كۆكسۈمدىن.

ئاسمان تاپتىم ئاسماندا تۇرۇپ،
كۆز ئالدىمدا يەنە چەكسىزلىك.
ئايلاندۇردى كىچىك بالىغا،
ئىزدەپ كېلىپ مېنى كەپسىزلىك.

چۈشلەر مېنى تولا ئازدۇرۇپ،
قانات بەردى ماڭا شادلىقتىن.
ئەمما سۈبھى ئويغىنىپ قوپسام،
يېشىم باشلار كۆزۈمگە ئىقىن.

2011 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## يىراق ۋە يېقىن

كەلمەي دېسەڭ بۇ يول بەك يىراق،
سەپىرىڭ بەك ئازابلىق، قىيىن.
كېلەي دېسەڭ بىرلا چاقىرىم،
باشقا سەۋەب پەقەت بىر تىيىن.

بۇ يوللاردا مەستان كەمپىرنىڭ،
تارغىقىدىن ئۆتكەن ئورمان يوق.
بۇ يوللاردا قىرىق قاراقچى،
بەتلەپ تۇرماس بىركىملەرگە ئوق.

ئەگەر كەلسەڭ بۇ يوللار بىلەن،
كۆز يېشىمغا دەسسەپ ماڭسەن.
يۈرەك تاڭدەك تۆككەن چېچەكنى،
مەجنۇنلارچە پۈراپ قانسەن.

ھەسرەتلەردىن چۈشكەن تال ـ تال چاچ،
ئۆستى قىردا يۆگىمەچ بولۇپ.
ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئارتقان دەردلىرىم،
ۋۇجۇدۇمدا ياشىندى تولۇق.

ھەرگىز كەلمە، كەلگۈڭ كەلمىسە،
زورىغا كەلسەڭ بولسەن تىكەن.
مەن بۇ يولغا كېتەي تۆكۈلۈپ،
بولۇپ بالدۇر توزۇغان يېكەن!

2011 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# نان

بىر تەۋەررۈك تونۇر بار،
هويلىمىزنىڭ تېشىدا.
نان دەپ تىلىم چىققانتى،
ئاشۇ تونۇر بېشىدا.

ئانام خېمىر چەيلەيدۇ،
قونۇپ ئايدەك تەگنىگە.
ئۇچقۇن چاچرار تىنىمسىز،
كۆك ئاسماندەك ئەگلىگە.

ئوخشىتىمەن قۇياشقا،
سىڭىپ پىشقان نانلارنى.
نان بىلەن ئەل ئۆتكەنكەن،
گۈل قىلىپ زامانلارنى.

ئويلاپ باقسام نان دېسەم،
ئىپتىخارىم تاشاركەن.
ئۇيغۇر بولسا نان دېگەن،
كۆنگە ئوخشاش ياشاركەن.

2011 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

## سەن مۆكۈندۈڭ قايسى پىنھانغا

ئاي خۇش چىراي چىقتى ئاسمانغا،
كۈن تەبەسسۇم قىلدى جاھانغا،
مېنى قويۇپ شۇنچە پىغانغا،
سەن مۆكۈندۈڭ قايسى پىنھانغا؟

باراي دېسەم يوقتۇر باھانەم،
ئوتلۇق ئويغا لىق تولدى خانەم،
چاراسلىدى ھەر ئۆگە ـ دانەم،
سەن مۆكۈندۈڭ قايسى پىنھانغا؟

نېچۈن ئىنسان ئىنسانغا موھتاج،
كۆز ـ كۆزلەردىن ئىزدەيدۇ ئىلاج،
تاقاي سائىل ئۇنۇتاندىن تاج،
سەن مۆكۈندۈڭ قايسى پىنھانغا؟

چېچەكدەك تۈن قوينىدا قالدىم،
ھىجرانىڭنىڭ چۆلىدە تالدىم،
كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش ئالدىم،
سەن مۆكۈندۈڭ قايسى پىنھانغا؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يۈرەمە مېنى، ئۆزۈڭنى قىيناپ،
يۈرىكىمنى مۇجۇما ئويناپ،
ئاشتى تەندىن بۇ جېنىم قايناپ،
سەن مۆكۈندۈڭ قايسى ئاسمانغا؟

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



## ئۆگىنەلمىدىم

تالاي گۈللەرنى باھار ئۈنتۈدى،
ئۆمۈچۈك يىپىدىن تورلار توقۇدى.
ماڭا سىنىڭدىن ئۆزگە يوقمىدى،
سىنى ئۈنتۇشنى ئۆگىنەلمىدىم.

كۆزۈمگە كۆزۈڭ تىنىپ قالغانمۇ؟
سۆزۈمگە سۆزۈڭ يىلتىز ياىغانمۇ؟
باغرىڭنى باغرىم يۇتۇپ ئالغانمۇ؟
سىنى ئۈنتۇشنى ئۆگىنەلمىدىم.

چۈشۈڭ كىلىدۇ چۈشۈمنى چارلاپ،
ئۆزۈم خۇش بولىمەن ئۆزۈمنى خورلاپ،
ئاز قالدى جىنىم ئوتۇڭغا قالاپ،
سىنى ئۈنتۇشنى ئۆگىنەلمىدىم.

ئۈنتۈماي دىگەنلەر چىقىدۇ ئەستىن،
خىيال قاچماسكەن خىيالپەرەستتىن،
نىمىلەر تاپتىم بۇنداق ئەسلەشتىن،
سىنى ئۈنتۇشنى ئۆگىنەلمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئايلار زەنجىرى ئۇلاندى يىلغا،
ئۆتۈك ئالدىدا ئايلاندىم قىلغا،
كىردى ۋۇجۇدۇم دەردىڭدىن تىلغا،
سېنى ئۇنتۇشنى ئۆگىنەلمىدىم.

ئويۇمنى ئويلاپ تۈگىتەلمىدىم،
كۆڭلۈمنى باشقىغا ئۆگىتەلمىدىم،
سېنىڭ ۋەسلىڭگە يا يېتەلمىدىم،
سېنى ئۇنتۇشنى ئۆگىنەلمىدىم ...

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



## بەردىشىم

سىنىڭ سىرلىق تەبەسسۇمۇڭغا،
چىدىمىدىم، چىدىماس ھېچكىم.
مۇرادىڭغا يەتكەن بولامسەن،
كاۋاپ بولۇپ پىشسا يۈرىكىم؟
كۆلكەڭ مېنى كۆلدۈرەر دېسەم،
ئەجەب قويدى تۆكمەس غەمگە.
يېتەرسەنمۇ ئەرشئەلاغا،
يېقىپ ياتسام باغرىمنى نەمگە؟!
ئەس ـ ھوشۇمنىڭ تۆگەل تومۇرى،
كېسىلمەكتە ئىشقىڭ تىغىدا.
ئاھلىرىمنى ئاھۇدەك تۆكۈپ،
مەن يۈرەيمۇ ھەسرەت تېغىدا.
سىنىڭ سىرلىق تەبەسسۇمۇڭغا،
ماڭا ئوخشاش چىدىماس ھېچكىم.
بەردىشىمغا بەرداشلار قونار،
تەڭرىگە بىر يەتسە تىلىكىم.

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بىز

يەلكىمىزدە چوققىنى يۆلىدۇق،
كىمنى تېپىپ، كىمگە بېرەرمىز.
يەتتە داۋان، دەريانى كەزدۇق،
يەنە نەچچە زامان يۈرەرمىز.
تالاشقاندەك بۇلۇتنى شامال،
مۇشكۇلاتنى بۆلۈشتۇق ھەردەم.
بىز زارىققان ئۇچۇق ئېھتىمال،
ئۇزاپ بارار قەدەممۇ قەدەم.
ئىچىپ ـ ئىچىپ قانالمىغۇدەك،
ئازاب بىزگە نېمانچە شېرىن.
ئۆزۈك ـ ئۆزۈك كۆرگەن چۈشتىمۇ،
يوللار مۇشكۇل قىيىندىن ـ قىيىن.
يەلكىمىزدە چوققىنى يۆلىدۇق،
باقسا پەرى نەدىن بىلەرمىز؟
ياش تۆكۈشكە كۆنگەن بۇ كۆزدە،
ئاڭا قاراپ قانداق كۈلەرمىز.

2011 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

## نەپرەت دەرىخى

نەپرەت دەرىخىنى سۇغار يۈرىكىم،
ئۇ باغرىمدا شاخلاپ كۆكلىسۇن.
مېۋىلىسۇن سىرلىق ئالمىدەك،
نەپرەت دەرىخىگە ئۇۋا سال قۇشلار،
ئۇ ئېيتقان ناخشىلار ئېسىڭدە بولسۇن.
ئىپلاسلار مېنى «ئىپلاس» دېگەندە،
كۈيلىگەن كۈيۈڭدە ھەقىقەت كۈلسۇن.
نەپرەت دەرىخىنى ئەگىگىن شامال،
سېنى ئۇيغا سالسۇن ئۇ قويغان سوئال.
جاۋاب ئىزدەپ ئۇچ تەرەپ - تەرەپكە،
بىرى سېنى ساقلاۋاتقاندۇر ئېھتىمال.

2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

# يىگىتلىك شەرھى

يىگىت قوپال كۆرۈنگەن بىلەن،
نازۇكلۇقى قەلب قېتىدا.
سىنى سۆيۈپ قانغان ئاخشىمى،
تۇرماس ئەسلا ئىنسان پېتىدا.

ئاق لەيلىدەك ئېچىلىپ كۈلسەڭ،
ساڭا قاناپ تامغۇسى كېلەر.
ئوت يامرىسا سېنىڭ كوچاڭدا،
چوغنى دەسسەپ ماڭغۇسى كېلەر.

دىل رەنجىنى يۇتار ئىچىگە،
بىر پىنهاندا ئېغىر خورسىنىپ.
تۇتقۇن قۇشتەك تېپىرلاپ توختار،
نومۇس ئۇرغان خەنجەرگە قېنىپ.

ئۇنىڭ سېنى سۆيۈپ قېلىشى،
بىر ئىلاھىي ئىشق سېھرىدىن.
بۇ دۇنيادا نېمە لەززەت بار،
ئايرىلسا گەر مېھىر مېھرىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى



سىنى تاڭدەك سىغىنىپ كەلسە،
ئاڭا يايما چاچلىرىڭدەك تۈن.
ھالىغا يەت، تىڭشا قەلبىنى،
دەردىڭ بىلەن يۈرىكى پۈتۈن.

2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



## ئىستەك

مېنى كۆككە تىكلە دېمەيمەن،
مەن زېمىنغا چېچىلغان ئۇرۇق.
تەسەللىگە قېنىپ ياشايمەن،
ئازابلاردىن ئالسامۇ ئوزۇق.

گاھى قەلبىم گۈلدەك كۈلىدۇ،
قارا پەلەك قات ـ قات بولسىمۇ.
بىر كىملەرگە قانات دېمەيمەن،
دىلدا قۇشتەك ھەۋەس بولسىمۇ.

ساڭا قاراپ بىدار بىر كېچە،
ئوي قەسرىدە ئويلانغىنىمدا.
سېنى ئۆيگە باشلىسام دەيمەن،
ئوتتەك يېنىپ تولغانغىنىمدا.

سېنى قىلغۇم كېلەر ئۆلپىتىم،
دەرد مېيىدە ئوتلانغىنىمدا.
يانىقىمنى كۆيدۈرۈپ ئاققان،
ياشلىرىمدىن زوقلانغىنىمدا.

www.uyghurkitap.com



سىزىپ قويساڭ بولدى كۆزۈمنى،
ئاسماندىكى خىلۋەت بىر جايغا.
ياشىغاندەك بولىمەن مىڭ يىل،
سەن بىلەن بىر قارىسام ئايغا.

2011 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى



## يۈرىكىم

قۇشقا ئوخشاش توختماي،
تىپىرلايسەن يۈرىكىم.
سەن بۇنچىلا زىرىككەن،
قەپەسمىكەن كۆكرىكىم؟

ئۇچساڭ قانات چىقىرىپ،
چوققۇم بالا تىرىيسەن.
بىر تىلەكنىڭ كەيىندە،
سەرسان بولۇپ يۈرۈيسەن.

قونساڭ ئەگەر قويسەن،
سەن دەرەخنى قۇرۇتۇپ.
ئەلگە ئۆيقۇ بەرمەيسەن،
تۈننى تاڭدەك يورۇتۇپ.

كۆككە چىقساڭ قويسەن،
يۇلتۇزلارنى كۆيدۈرۈپ.
ئاق بۇلۇتنىڭ كۆز يېشى،
كېتەر قانغا ئۆرۈلۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئايغا قونساڭ ئۇ ئېرىپ،
سۇدەك تامار ئالتۇنلار.
يەرگە قانداق سىغدۇ،
سەن چاچراتقان يالقۇنلار؟!

مېنى تاشلاپ كەتمىگىن،
مەندەك بولساڭ يۈرىكىم.
ساڭا يېتىپ ئاشىدۇ،
باغرىمدىكى تىلىكىم.

2011 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى



## ئادەملەر

ئۇلار مېنى كۆزىدىلا تونۇيدۇ،
يۈرىكىدە يوقتۇر تىرىك رەسىمىم.
يۇلتۇزلار كۆزىدىن تىم - تىم ئاقىدۇ،
ئاينى تۇتۇپ تۇرۇپ قىلغان قەسىمىم.

ماڭا ئېچىرقىغان يولدا بىر ئۆزۈم،
ماڭىمەن ئەگەشتۈرۈپ كارۋىنىمنى.
ھەسەتنىڭ قارىچۇقىنى قاتۇرىمەن،
ئېيتماستىن ئۇتتىن نەپەس ئالغىنىمنى.

ئۇچرىسا مۇھەببەتنىڭ تاش قاتمىسى،
كۆكسۈمنى بىلەپ چېقىن چىقىرىمەن.
ئۇپۇقتا قىزىل جىيەك تۇتۇپ تۇرغان،
ھۆرلەرنى كۆرگۈلۈككە قىچقىرىمەن.

بولسىمۇ قارغىش ماڭا ئالقىشتىن كۆپ،
سادالار ئۆگىتىمەن كولدۇرمىغا.
ئۇيقۇمدىن ئۇنۇپ چىقسا غالجىر چۈشنى،
تاشلايمەن ئۇنتۇش بىلەن تىندۇرمىغا.

تاڭدىكى چولپان بىلەن بىر رەت قىلىپ،
قارايمەن كۆزلىرىڭنى كۆككە تىكىپ.
ئۆزۈڭنى كىملەرگىدۇر ئىلغا ئۈچۈن،
قويىمەن يېشىل رەڭدە يولغا سىزىپ.

2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى



## ئاگاھلاندۇرۇش

بۇ يەردە تۇرۇشقا بولماسمىش،
بۇ يەردە مېڭىشقا بولماسمىش.
بۇ يەردىن يېنىشقا بولماسمىش،
ئاسماندا ئەزەلدىن بۇ گەپ يوق،
يۇلتۇز بول بالام!

بۇ يەردە كۈلۈشكە بولماسمىش،
بۇ يەردە كۆرۈشكە بولماسمىش.
بۇ يەردىن ئۆتۈشكە بولماسمىش،
ئورماندا ئەزەلدىن بۇ گەپ يوق،
قۇش بول بالام!

بۇ يەرگە كېلىشكە بولماسمىش،
بۇ يەردىن كېتىشكە بولماسمىش.
بۇ يەردە قېلىشقا بولماسمىش،
دالادا ئەزەلدىن بۇ گەپ يوق،
شامال بول بالام!

بۇ يەردە سۆزلەشكە بولماسمىش،
بۇ يەردە كۈيلەشكە بولماسمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ يەردە سۆيلەشكە بولماسمىش،
بۇلاقتا ئەزەلدىن بۇ گەپ يوق،
دەريا بول بالام!

كۆلپەتتىن قان يىغلاشنى،
دىلنى ھەسرەت چۇلغاشنى،
پاك ۋىجداننى بۇلغاشنى،
ھېچكىم مەنئى قىلمىغان.
ئەگەر چىداپ ئۆتمەكچى بولساڭ،
ئادەم بول بالام!

2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تولۇن ئاي

كوزىغا بەندلەنگەن بىر يىلان بولساڭ،
مەن كىرەي ئىچىگە بىللە تولغىناي.

كېچىدە ئېچىلغان گۈلسۇرۇخ بولساڭ،
لېۋىڭدە شەبنەمدىن بۇرۇن ئويغىناي.

قەھرىڭدىن ئەقىدەڭ كۆپكۆك مۇز تۇتسا،
مەن چېقىن مىسالى كۆيۈپ چوغلىناي.

ھاۋاغا پەرزدۇر ئادەمنىڭ مېھرى،
جەننەتتىن سەن بىلەن قايتا قوغلىناي.

ئاھىمدىن ئاسمىنىم قارىداپ كەتسۇن،
تېخمۇ پارلىغىن جېنىم تولۇن ئاي ...

2011 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# باللىقنى تاشلىغىن دەيسەن

باللىقنى تاشلىغىن دەيسەن،
كىچىلىرى يۇلتۇز سانىسام.
نېمە چارە نۆۋەر چاغلارنى،
يۈرىكىمدىن سۆيۈپ قانمىسام.

كۈتتۇق تالاي يىگى يىللارنى،
بىر ـ بىردىن ئەمەستۇر ئارتۇق.
باھار بىزنى بەزلەپ سۆيىسمۇ،
كۆزدىن سالدۇق كۆگۈلگە تارتۇق.

كۈلكە ـ يىغا بىزگە بەخشەندە،
ئۇلۇغ ـ ئۇلۇغ تىندۇق كۈن ـ تۈنلەپ.
لېكىن دىلدا باللىق چۇقان،
كۆيۈپ تۇرار بوراندەك ئۈنلەپ.

زىغىرلىقتا كېپىنەك قوغلاپ،
دوملىساق نېچۈن ياراشماس؟
بۇغدايلىقتىن تورغاي تۇخۇمى،
تېپىۋالساق نېچۈن ياراشماس؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەھەللىگە يامغۇردەك يېغىپ،
قاردا كۆيسەك نېچۈن ياراشماس؟
ساي بويىدا نانجگدە تېرىپ،
قۇم ئۆي قۇرساق نېچۈن ياراشماس؟

خېنە يۇلۇپ بەرسەم ئېتىزدىن،
كىممۇ مېنى «ئوغرى» دەپ قوغلار.
خېنە قويغان قولۇڭنى كۆرۈپ،
يىغلىمامدۇ ئوچاقتا چوغلار؟!

بالىلىقنى تاشلىغىن دەيسەن،
سەبىي كۆزدە ساڭا قارىسام.
قارا يامغۇر بولمامدۇ چېچىڭ،
سەلكىن كەبى سۆيۈپ تارىسام.

2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى



# مۇمكىن

مېنى ئۇزدەپ تېپىشىڭ مۇمكىن،
يېنىڭدىن يا بەكمۇ يىراقتىن.
مېنى تارتىپ ئېلىشىڭ مۇمكىن،
ئازاب بېسىپ ياتقان پىراقتىن.

مېنى ئۇزدەپ كېلىشىڭ مۇمكىن،
قەلبىڭدىكى ئەڭ چوڭقۇر جايغا.
يەنە دەردكە سېلىشىڭ مۇمكىن،
ئوخشاپ گويا شور باسقان سايغا.

مېنى ئۈنتۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن،
ساڭا قاراپ ئولتۇرسام ئۇدۇل.
مېنى تاشلاپ قېچىشىڭ مۇمكىن،
پەلەك ئۆززە سوزۇلسا بىر قول.

قانداق ئەتمىش ـ كەچمىشلەر بولسۇن،
كۆنۈپ كەتتىم، ماڭا بەرىبىر.
قىلىچ تۇتۇپ بىقىپ ياتمەن،
قاچمىسۇن دەپ مېنىڭدىن سەۋر.

2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

## دەرەخكە ئويۇلغان ئىسمىمىز

قوش يۈرەكنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ،
دەرەخكە ئويۇلغان ئىسمىمىز،
چوغقا ئوخشاش يېنىپ تۇرغاندۇ؟

كېچىلەرنى ئۇخلىتىپ قويۇپ،
قۇشلار شېرىن سۆھبەتكە چۆمسە،
قانداق يىغلاپ، قانداق كۈلگەندۇ؟

شامال ئويناپ كەلسە يېنىغا،
دەرەخكە ئويۇلغان ئىسمىمىز،
تۈتىگەندۇر دەرد - پىراق پۇراپ.

ئۇھسىنغاندۇر ئۇلۇغ نەپەستە.
ئەسكە ئېلىپ كۆز يېشىمىزنى،
كۆكتە يانغان يۇلتۇزغا قاراپ.

مەھەللىگە يېقىن ئورماندا،
دەرەخكە يېزىلغان ئىسمىمىز،
تەلمۈرگەندۇر بىزلەرگە بويلاپ.

تۇيدۇرماستىن بىر - بىرىمىزگە،
بارغاندۇرمىز ئايدىڭ ئاخشامدا،
قويۇش ئۈچۈن ئۇنى يېڭىلاپ.

تەقدىرىگە بالدۇر تەن بېرىپ،
دەرەخكە ئويۇلغان ئىسمىمىز،
بىزگە ئوخشاش كەتكەندۇر قېرىپ.

يا تۇرغاندۇر يېشىل چۈش كۆرۈپ،
نەۋ باھارنىڭ تومۇرلىرىدا،
دەرەخ بىلەن بىللە كۆكىرىپ.

2011 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قارغاش

كۆكتىن تامغاندەك، يەردىن ئۈنگەندەك،
تىنىڭگە چۈشۈپ ئىلاھىي بىر ئوت،
ئىچىڭدىن كۆيۈپ ـ يىنىپ قالارسەن.

تۈنگە ئايلانغان كۈنلىرىڭ بىلەن،
جىسمىڭدىن تانغان روھىڭنى ئېلىپ،
ئىشق يولىدا مېڭىپ قالارسەن.

ئەرشتىن دەھشەت چاقماقلار چۈشۈپ،
ئىسسىق ئۇۋىسى كۈل بولغان قۇشتەك،
چېكەڭگە قىسمەت تېگىپ قالارسەن.

پىراق دەردىنى تارتىپ بىتتىنىم،
ئىچىڭدىن قۇرۇپ بىر تامچە ياشتەك،
ھىجران چۆلىگە سىڭىپ قالارسەن.

كۆكسۈڭگە سىغماي قالغان ئازابىنى،
خەنجەردە يېرىپ ئالماقچى بولۇپ،
جاننى دەسمايە سېلىپ قالارسەن.

نامەلۇم قىلماق بولۇپ نالەڭنى،
تىكەنلەر دەسسەپ ھەربىر قەدەمدە،
ئىچىڭدە ئاچچىق تىنىپ قالارسەن.

قارىنىڭ قىتىپ خىيالغا پاتقان،
شۇئىرغان چىققان يازنىڭ ئاخشىمى،
مېنى ئېسىڭگە ئېلىپ قالارسەن.

ھەسرەتتىن تىكلەنگەن تاش ئەينىكىڭگە،
دەردىم تاشلىغان سايىگە قاراپ،
مېنىڭ قەلبىمنى بىلىپ قالارسەن.

سەنمۇ بىرىگە كۆيۈپ قالارسەن،
سەنمۇ بىرىنى سۆيۈپ قالارسەن!

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بۇ دۇنيا

بۇلۇت مېنىڭ دېسە ئاسماننى،
يۇلتۇز قۇتراپ يانار غەزەپتە.
قۇشلار مېنىڭ دېسە ئورماننى،
قۇرار دەرەخ تەرەپ ـ تەرەپتە.

كېچە مېنىڭ دېسە سۈبھىنى،
ملڭ گەز ئۇچار كۈننىڭ ئىمانى.
دەريا مېنىڭ دېسە سۈيىنى،
بۇلاق يىغلار تۇتۇپ پىغانى.

شامال مېنىڭ دېسە زېمىننى،
ئۆرە قوپار جىمكى جانلىق.
هۇۋقۇش مېنىڭ دېسە قىيانى،
تاغ كۆكسىنى قاپلار هەيرانلىق.

ئۆز نېسۋە، رىزقى بىلەن،
جىمغا تەڭ ياراتقان تەڭرى.
ئەسلى بىلسە بۇ دۇنيا دېگەن،
هەممەيلەنگە شۇ قەدەر كەڭرى.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

## ئاتامنىڭ شەجەرىسى

ئاتا سېنى ئۇتتىن سورىسام،
ئوت لاۋۇلدەپ قىزىرىپ تۇرۇپ:
ماڭا ئوخشاش كۆيەتتى، دېدى.

ئاتا سېنى سۇدىن سورىسام،
سۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:
ماڭا ئوخشاش كۆلەتتى، دېدى.

ئاتا سېنى كۆكتىن سورىسام،
كۆك بەك ئېغىر خورسىنىپ تۇرۇپ:
يۇلتۇزلاردەك يورۇيتتى، دېدى.

ئاتا سېنى تاغدىن سورىسام،
تاغ باشقىچە روھلىنىپ تۇرۇپ:
يامغۇر ئۇنى دورايتتى، دېدى.

ئاتا سېنى قۇشتىن سورىسام،
قۇش ھەسرەتتە تولغىنىپ تۇرۇپ:
ئۇ دەرەختەك تۇراتتى، دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاتا سېنى گۈلدىن سورىسام،
گۈل شەپەقتەك چوغلىنىپ تۇرۇپ:
مېھرى بىزدەك پۇرايتتى، دېدى.

ئاتا سېنى يەردىن سورىسام،
يەر ئاسمانغا تىكىلىپ تۇرۇپ:
بىزگە كۆكلەم چاچاتتى، دېدى.

ئاتا سېنى خەقتىن سورىدىم،
خەق روھىڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ:
ناھەققە ئوت ئاچاتتى، دېدى.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



## ئەتىرگۈل

قايسى يوچۇق، قايسى روجەكتىن،
كۆرۈۋالدىڭ مېنىڭ چۈشۈمنى.
تاڭ سەھەردە چۈش ئۆرۈمەك يوق،
مۇنەججىمگە قويغىن ھۆكۈمنى.

خىجالەتمەن، كۆزۈمگە باقما،
ئەس ـ ھوشۇڭنى يوقات بۇ مەرتەم.
ئاسمىنىمغا بىر چىقىپ كىرەي،
ياپرىقىڭدىن قانات بەر ئەركەم.

قۇياش بىزنى كۆرۈشتىن بۇرۇن،
ئۇچۇپ كەتسۇن رىۋايىتىمىز.
قالسۇن ئەبەد مۇرۇۋۋەت بولۇپ،
بۇ چىرايلىق جىنايىتىمىز.

قان كۆيدىمۇ تومۇرلىرىڭدا،
ھىدلىرىدىن ئوت ئالدى تېنىم.
خوش، سەھەرنى كۈلۈپ كۈتۈۋال،
مەن سەلكىندە سويلاي بىتىنىم.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## يىغلاپ تۇرۇپ سېنى سۆيگەندە

مېنى ھېچكىم زورلىغان ئەمەس،
سېنى مۇنچە سۆيۈپ قىلىشقا.
ھەممە دەردىم ئۆزۈمگە تالىق،
ئىمكانىم يوق يولدىن يېنىشقا.

بىر پىنھاننى ئىزدەپ ھارىمەن،
ئىچ ـ ئىچىمدىن ساڭا كۆيگەندە.
بەلكى يۈرەك قۇشقا ئايلىنار،
يىغلاپ تۇرۇپ سېنى سۆيگەندە.

كىملەر مېنى پەپىلىسمۇ،
دەردلىرىمگە ئەمەستۇر شېرىك.
ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھەيران مەن، ھەيران،
بۇ دۇنيادا يۈرگەنگە تىرىك.

بۇ ئەلەملەر تۈگەيدۇ دەيمەن،
بۇ دۇنيادا تۇغۇلمىغاندا.
دەردىم بىلەن كۈننىڭ سىرىقى،
چىرمىلىشىپ كەتكەن جاھاندا.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

## سۆيۈملۈك ئالداش

دەريا شاۋقۇنىنى ئېسىڭگە سېلىپ،
ئالدىڭغا چىقارمەن كۈلۈپ يا يىغلاپ.
كۆكسۈمگە تىغ ئۇرغان قارا تۈنلەرنى،
تاڭ دارغا ئاسقاندەك كېتەرمەن يايراپ.

كۈتەرمەن بالدۇرقى كۆزلىرىڭ بىلەن،
ماڭا ھەۋەسلىنىپ قاراشلىرىڭنى.
زىنىنخ ھىلالىڭغا ئىلىنغىنىمچە،
ئەسلەرمەن سۆيۈملۈك ئالداشلىرىڭنى.

نەقەدەر سېھىرلىك ئىشق يولىدا،
بىزلەرگە تارتىش ۋە تارتىلىش كۈچى.
ئەسلەنگەن چېغىڭدا ئالدىمىغا كەلدى،
سېنىڭ ئاسمىنىڭنىڭ نۇرلانغان ئىچى.

كۆز ياش ئۇرۇقدا ئۆسكەن كۆچەتتە،
چېچەك تۇمانلاپ بولسا گەر مېۋە.
سۆيگۈ مالاقىتىگە يولۇققانلارغا،
قالاتتى مەڭگۈلۈك بولۇپ نېسۋە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دەريا شاۋقۇننى ئېسىمگە سېلىپ،
ئالدىمغا چىقارسەن كۈلۈپ يا يىغلاپ.
باشلاپ قويارسەن خىيالىي باغقا،
ئۈزەرمەن گۈللەردىن دەردىڭنى ئۇلغاپ.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئۇيقۇمنى

ئۇيقۇمنى
قانداق ئېلىپ كەتتىڭ كۆزۈمدىن؟
قاپتىمەن خاماندىكى مومدەك،
ئۆزۈمنى سوراپ باقسام ئۆزۈمدىن.

ئۇيقۇمنى
سۇغا تاشلىۋەتتىڭمىكىن دېسەم،
سۇ يېشىمدەك ئېقىۋاتىدۇ.
تۈنگە چېچىۋەتتىڭمىكىن دېسەم،
يۇلتۇز كۆزۈمگە ئوت يېقىۋاتىدۇ.
دەرەخكە ئىلىپ قويدۇڭمىكىن دېسەم،
دەرەخ شىۋىرلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.
شامالغا بەردىڭمىكىن دېسەم،
شامال تاتلىق يۇراۋاتىدۇ.
ئۆيۈڭگە ئەكەتتىڭمىكىن دېسەم،
دېرىزەڭ چوغدەك يورۇۋاتىدۇ.

ئۇيقۇمنى
كۆزۈمدىن جۇدا بولغان ئۇيقۇمنى،

مەيلى نېمە قىلساڭ قىلىۋال.
ئەمما مېنىڭ ئۇيقۇمدا،
چۈشلىرىمگە قونۇپ ئۇخلىۋال.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## كېچىنىڭ سۈرىتى

كېچە كۆككە يۇلتۇز چېچىپتۇ،
كۈندۈز يەنە نەگە كەتتىكىن.
بۇلۇت قارا سىياھ ئېچىپتۇ،
ئاي كۆرۈنەر تولىمۇ مىسكىن.

شام كۆيدۇ ئېچىدىن ئېرىپ،
كۆز يېشىدىن چاچرىتىپ چېچەك.
ئولتۇرىمەن تۈننى ئېگىرىپ،
خىيالىمدا تۈگمەس چۆچەك.

مېنى بۇلاپ ئالغان دەرد ـ ئەلەم،
مەن بىلەن تەڭ ئېچمەكتە شاراب.
تىترەپ ـ تىترەپ قولۇمدا قەلەم،
ئاق قەغەزگە سىزماقتا ئازاب.

قەيەردىندۇر تەلمۈرۈپ ماڭا،
قاراپ تۇرار يامغۇرلۇق جۈپ كۆز.
كۆرستەي دەپ بىر لەۋھە ئاڭا،
تاپالمىدىم كۆڭلۈمدىن بىر سۆز.

ئاستا ـ ئاستا تىنىدىم ئۈچمىگە،
شامال ھاردۇق ئالغان دالادەك.
بۇ ھەسرەتنى ئېيتىمەن كىمگە؟
بولدى قەلبىم ئەلەمخانىدەك.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھەسرەتنىڭ تىلى

سېنى سۆيگەن چاغدىكى ھۆرلۈكۈمنى،
چاڭگا تىزئۇاتقان قۇشلارمۇ بىلگەن.
گىلاسلار دەرد ئېيتقان پىستە، بادامغا،
لەۋلىرىڭدىن ئۆزۈپ يېسەم بۆلجۈرگەن.

قىرىق قارا چېچىڭ قىرىق كېچىنىڭ،
سېھرىنى تۆككۈچى ئەپسانە بولغان.
مېنىڭ كۆك ئاسمىنىم ئىدى مەھەللەڭ،
تۇتقان - تەرگىنىڭگە يۇلتۇزلار قونغان.

شاھقا ئايلانغانمەن سېنىڭ قېشىڭدا،
ھىلالنى ساپلىغان قىلىچنى ئېلىپ.
قاتىلى بولغاندىم قايغۇ - ھەسرەتنىڭ،
ھىجراننىڭ باغرىنى قىزىل قان قىلىپ.

ئەمدى سېنى سۆيمەس دەۋرىگە كىردىم،
كۆز ياشتىن باشقىسى سۆيمەس مەڭزىمنى.
گۈللەرنىڭ يۈرىكى غۇنچىسى بولسا،
مېنىڭ غېمىم دېگىن دەريا ئەزىمنى.

قاتىلى بولدۇڭغۇ ۋىسال پەسلىنىڭ،
قەيەردىن ئويغاندى تىكەننىڭ دىلى.
ۋۇجۇدۇم ئايلاندى شورتاڭ ئېتىزغا،
ئۇنىڭغا ئۈنگىنى ھەسرەتنىڭ تىلى.

2012 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# قىزلار

قىزلار قىزىلگۈلگە ئوخشاش قىزىرىپ،
ئۈيىلىپ ئۆتۈپ كەتسۇن ئالدىڭىدىن.
كۈنلەردىن بىر كۈن ئاشۇ سىياقى،
چاقماقتەك يالت قىلىپ كېچەر يادىڭىدىن.

قىزلار باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ،
مەيلى راست يىغلىسۇن ياكى يالغاندىن.
ئاسمىنىغا يۇلتۇزلار قونۇپ،
ئىمادۇر ھۆسنىگە تولۇپ قالغاندىن.

قىزلار كۈلۈپ قانسۇن سۇغا قانغاندەك،
ئۇلارنىڭ كۈلكىسى چېچەككە ئەنداز.
ئەگەر باغرى ئەلەمدىن بولسا يارا،
تەبەسسۇمى بىلەن قىلىدۇ پەرداز.

قىزلار تەنھالىقنى ئىزدىگەن چاغدا،
ئالداشلار ھەم سالا ـ سۈلھى كار قىلماس.
سۈزۈلۈپ كۈلىدۇ ھۆسنىدە سەھەر،
گويا ئېچىلغاندەك گۈللەرمۇ تىمتاس.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

## بۇ كېچە

مېنى ھامىنىغا ئالدى سېخىي قايغۇ،
بەختلىكمەن بۇ كېچە.
شادلىق يۇلتۇزدىنمۇ يىراقلاپ كەتتى،
ئۇچۇۋالسۇن قانغۇچە.

ئاھ سۆزگە ئىلىندى بىدارلىق،
ئويغاندى يەنە پىراق.
پەرىشتە قولىغا قوندى يۈرەك،
كېچىگە ياقتى چىراق.

پېشانەمنى چۆرگۈلەپ ئۆتمەكتە كۈنلەر،
دەۋر قىلىپ.
ۋىسال ئۆز ئاسمىنىدا ياشىماقتا،
سەۋر قىلىپ.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## بەختلىك دەرەخ

بىلمەن، تولىمۇ بەختلىكسەن،
مەندىن ئۆركۆگەن قۇش ساڭا قوندۇ.
تەبىئەتنىڭ شېرىن - شېكەر گەپلىرى،
شاخلىرىڭغا يىلىك بولۇپ تامدۇ.

رەڭلەر قانات كېرىپ سېنى بىزەيدۇ،
باھار چۈشمەيدۇ سەندىن باشقىنى.
مەۋج ئۇرۇپ چىقىدۇ نوتىلىرىڭدىن،
يىلتىزىڭدا ئاققان روھنىڭ تاشقىنى.

شاماللار كۆكسىنى ئۇرۇپ قانمىغان،
ياپراقلىرىڭ يېشىل ياقۇت چاچتەڭگە.
يامغۇرلار قېنىۋېلىپ قىلىقلىرىڭغا،
ئاندىن ئېقىپ چۈشىدۇ دېرىزەمگە.

يوللار ماڭار ھامان سېنىڭ يېنىڭدىن،
كۆتسەن ھەم خوشلىشىسەن تىك تۇرۇپ.
نەپرەتتىن تومۇرۇڭ كۆبجۈگەن چاغدا،
ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قالىسەن قۇرۇپ.

ئۆتكەندە قېشىڭدىن كۈنلەردىن بىر كۈن،
ئەگەر سوراپ قالساڭ مېنىڭدىن سوئال.
ساڭا تىكىلىپ تۇرۇپ ئويلانغىنىمدا،
كۆزلىرىمگە لىق ياش كېلەر ئېهتىمال.

بىلمەن، تولىمۇ بەختلىكسەن،
مېنى تەرك ئەتكەن ساڭا بارىدۇ.
پېشانەمگە پۈتكەن پۈتۈكلىرىمدىن،
تاپالماي بىر سۆزنى ئېسىم تالىدۇ.

2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# تىنچلىقتىكى سادا

تىنچلىقنى زەن سېلىپ ئاڭلىسام،
سۆزلەيدۇ بىر تاتلىق ئاھاڭدا.
يەر ـ كۆككە سىنچىلاپ قارىسام،
ساداسىز نەرسە يوق جاھاندا.

يۇلتۇزنىڭ ئاۋازى كۆزىدە،
چېچەكنىڭ ئاۋازى بەرگىدە.
ئاسماننىڭ ئاۋازى يۈزىدە،
ئالەمنىڭ ئاۋازى رەڭگىدە.

سۆزلەيدۇ تاغلارنىڭ قامىتى،
يېشىل ئۈن تارايدۇ چىملىقتىن.
نەي چالار بۇركۈتنىڭ قانىتى،
يىلتىزلار قاچىدۇ جىملىقتىن.

قومۇشلار ئۈنلەيدۇ يىراقتا،
ئالتۇن چۈش كۆلىدۇ تۇغراقتا.
بۇلاقلار سۆزلەيدۇ پىراقتا،
سۇ قىزىق ھېكايە قىرغاقتا.

تىنچلىقنى زەن سېلىپ ئاڭلىسام،
بىرلىكنىڭ ئاۋازى تىلدا.
بىرلىكنىڭ ئاۋازى شەكىلدە،
بىرلىكنىڭ ئاۋازى دىلدا.
بىرلىكنىڭ ئاۋازى قەلبدە،
بىرلىكنىڭ ئاۋازى نەپرەتتە.
بىرلىكنىڭ ئاۋازى ھىجراندا،
بىرلىكنىڭ ئاۋازى غەپلەتتە.
بىرلىكنىڭ ئاۋازى ۋىجداندا.

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ساھىبجامال

دەرەخ بولساڭ ئەي ساھىبجامال،
مەن شېخىڭغا ئۇۋا سالغان قۇش.
سەن كېچىدە ئۇخلىغان بولساڭ،
بولدۇم يىغلاپ ئېچىمدە بىھوش.

ساڭا كەلسە پەسىل ئالمىشىپ،
مەن تامچىدىم يىلتىزىڭ ئارا.
نەزىرىڭگە ئىلىنمىغان چاغ،
شەپەق بولدى كۆزۈمدە قارا.

سايە ئۆتسە سېنىڭ يېنىڭدىن،
باشقا قوندى ھازىدىن قىرو.
قارا بۇلۇت ئۈستۈڭگە كەلسە،
يۈرەك دېغىم بولدى روبىرو.

زېمىن كۆكتىن يامغۇر تىلىسە،
ساڭا تارىنىپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن.
ۋۇجۇدۇمغا ئوت ئېلىپ كەتتى،
نەپسىمنىڭ تامامى تۈتۈن.

ساڭا كۆلۈپ باققان كۆزلەرنى،
ئويغۇم كەلدى دوزاخ زىندا.
سەندەك پۇراپ ئۆسكەن گۈللەرنى،
بوغقۇم كەلدى يۇمران بىخىدا.

ساڭا ئۆرلەپ قونغان توزانىنىڭ،
شامىلىغا قاناتلار ئۈزدۈم.
تۆت پەسىلدە تۆت خىل تۇسلەنسەڭ،
مەن ئىچىمدىن تاشتەك قۇرۇدۇم.

قىناش ئۈچۈن، ئازابلاش ئۈچۈن،
ئالساڭ ئەگەر ئىتىبارىڭغا.
قوبۇل ئىتىپ ئىلتىماسىمنى،
مىنى كۆلدۈر ئىسىپ دارىڭغا.

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## يىغلىغۇ تاغ

### 1

بۇندىن نەچچە زامان مۇقەددەم،
بۇلۇت تاشقا ئايلانغانمىش.
قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ،
تاغ بۇلۇتقا ئۆيلەنگەنمىش.
رەشك قىلىپ ئۇلارغا دىۋە،
ئوت قويغانمىش يېرىم كېچىدە.
چوغلانغانمىش تاغ، لېكىن بۇلۇت
ساق قالغانمىش چوغنىڭ ئىچىدە.
شۇندىن بېرى بۇلۇتنىڭ دەردى،
ئايلانغانمىش سۈپسۈزۈك ياشقا.
ئېقىپ ـ ئېقىپ يىغلاپ تۇرۇشتىن،
ئىش ـ ئەملى ئەمەسمىش باشقا.

### 2

فەرھاد تاغنىڭ يۈرىكىنى،
چېقىپتىمىش ياساپ مىڭئۆيىنى.

تاملىرىغا ئالتۇن ھەل بېرىپ،
سىزىپتىمىش نادىر مىڭ كۆينى.

شېرىن ئىشق يولىدا يۈرۈپ،
يېرىلغۇدەك بوپتىمىش كۆكسى.
چېچەكلەرگە سېرىق رەڭ بېرىپ،
يامراپتىمىش ھىجراننىڭ تۈسى.

كۈن ۋىسالدىن شولا چاچقاندا،
مەستان كەمپىر بىلىپ قالغانمىش.
ئاشىقنى مەشۇقتىن ئايرىپ،
ئۇ دۇنياغا يولغا سالغانمىش.

بۇ چاغ تاغنىڭ باغرى يېرىلىپ،
شېرىنگە يول ئېچىپ بەرگەنمىش.
شۇندىن بېرى ئۇ يىغلاپ ـ يىغلاپ،
تاغ قوينىدا چېپىپ يۈرگەنمىش.

3

باھادىرلار قىلىچ ئۇرغاندەك،
بىر دۈگىلۈكنىڭ يۈزى تۈز كەسمە.
مىڭئۆيلەردە مىڭ پاتمان پىغان،
كۆز يېشىغا چۆككەن ئەسلىمە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قانچە ئەسىر ئۆتتى بۇ يەردىن،
گاھى كۈلۈپ، گاھىدا يىغلاپ.
ئەمما سۇجۇپ چالماقتا بەرباب،
ھەر پەسىلگە باھارنى چىللاپ.

مۇھەببەت يوق، ھىجران يوق يەردە،
يىغا ئەسلى تەڭداشسىز بىر كۈي.
يېڭىلىنار يىغىدىن دۇنيا،
ئەمما يىغلاپ كۈلىدۇ مىڭئۆي.

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



## مەنغۇ

لېۋىڭدە گۇناھتىن ئېچىلغان گۈلنى،
نوھنىڭ كەپتىرىدەك چىشلىگەن مەنغۇ.
دىل دېڭىزىدىكى خىجالىتىڭنى،
جىگەرلىك غەۋۋاستەك ئىزدىگەن مەنغۇ.

ئالماس كۆز سەھەرنى ساڭا تويغۇزۇپ،
مەستخۇش شامالدەك ئىگىرىغان مەنغۇ.
ئاپپاق تىلىكىمدىن ئاق ئايدىڭ سىپىپ،
كىچىنىڭ كۆزىدە يىغلىغان مەنغۇ.

تۇغان بۇزۇپ قاچقان قىزىل قىياندەك،
بېغىڭغا سۆڭگۈچتىن سەمىگەن مەنغۇ.
گۈلسۇرۇخ پورىكى يېشىنگەن چاغدا،
شەبنەمگە مەڭزىڭنى بەرمىگەن مەنغۇ.

ئاھ، بۇگۈن باغرىڭدا نەپرەت شاخلاپتۇ،
قاچاندا قاقاستىن ئالغانىڭ ئۇرۇق.
ئۆزۈمدىن ۋاز كېچىپ بەرگەن كۆلكىگە،
كىمنىڭ يىغىسىنى قوشقانىڭ تولۇق.

مەن گۈلخان ئەستەرلىك قارا تون كىيىپ،
كوچاڭدا يۈرگۈنچە ئاچىمەن ھازا.
كىمنىڭدۇر كۆزىگە ياش دەۋرىتىمەن،
ئون ئۆلۈم نەرخىدە كەلدى دەپ قازا.

لېۋىڭدە گۇناھسىز ئېچىلغان گۈلنى،
نوھنىڭ كەپتىرىدەك چىشلىگەن مەنغۇ.
كۆڭلۈمنى يەتتە قات ئاسماندىن تاشلاپ،
جاللاتقا تىغ بىرىپ چۈشكەن سەنغۇ.

2012 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# يالغۇز ئايال

ئاسمىنىدا يۇلتۇز كەم ئەمەس،
ھويلىسىدا ئاپتاپ يەتكۈچە.
قۇش دانلايدۇ سامانلىقىدا،
تاڭ سەھەردىن تاكى كەچكىچە.

يېتىرقىماس چېلەكتىن سۇ،
شەك كەلتۈرمەس يەم بەرسە قويى.
بىر ئۈمىدتە باققان توخۇنىڭ،
ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاشتۇر ئويى.

ئۇ قۇرۇتۇپ ساتقان مېغىز، قاق،
سۆزلەر ئۇنىڭ ئېدىتلىقىنى.
كۆزلىرىدىن تېپىۋالسەن،
بۇ دۇنيانىڭ جىمجىتلىقىنى.

ئېتىزىغا تېرىغان كۆكتات،
مەھەللىدە تۇرار يوگۇرۇپ.
ۋاقتى بولسا پالاس توقۇيدۇ،
ئورچۇقىدا يىپنى ئېگىرىپ.

قوشنىلىرى تونۇر قىزىتىپ،
ئاڭا خەۋەر قىلمىسىمۇ گەر.
رېتسېپىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ،
نان ياقىدۇ بولۇپ بىر ئەختەر.

ئۇنى يوقلاپ كەلسەك ئەگەردە،
باھار قوندى دەيدۇ ھويلىغا.
نېمە ئېلىپ، نېمە قويغاننى،
بىلمەي قالار تىترەك قولىغا.

ئۇنىڭ ئاجىز - ئورۇقلۇقىنى،
ئەسكە سېلىپ قويىدۇ كىملەر.
شۇندا ئۇنىڭ باغرى قان بولۇپ،
بىرمەھەل ھۆل ئۆتىدۇ كۈنلەر.

2012 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## گۆھەرچى بىلىق

ھەربىر زاتتا ئۆزگىچە خىسلەت،
بىرى ئاش يەر ئالتۇن تاۋاقتا.
شاھ ھۇزۇرى سۇرىدۇ بىرى،
ناندىن چاچراپ چۈشكەن ئۇۋاقتا.

بىرلىرى بار ئۈچ ۋاق شىرنە يەپ،
ئۆزگىلەرگە تۆكمەس تېمىم بال.
بىرى ئوتتا كۆيۈپ نۇرلىنار،
جانغا قىلىپ يەتكۈچە ئۇۋال.

سۇغا ھېچكىم سەدەپ تاشلىماس،
بېلىقلارغا گۆھەر تۇغسۇن دەپ.
ئەمما گۆھەر تۇغقىنى قىزىق،
كۈندە شېغىل، لاۋا ـ لاتقا يەپ.

تەققاسلىسام ئۆزۈمنى ئاڭا،
ۋىجدان كۆيدى نومۇس ئىچىدە.
ئايان بولدى ئەتمىش ـ كەچمىشىم،
چاقنىغاندەك يۇلتۇز كېچىدە.

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

## پىراق

باھار يەنە قوندى باغلارغا،
گۈل قىيىدىن ئۈچتى خۇش پۇراق.
ھجران قالدى ئۇتتۇردا، ئەمما
مىنى تاشلاپ كەتمدى پىراق.

كۆكتىن تىزىپ تاغقا ياغقان قار،
ئەگىز بولۇپ ئاقتى بەك يىراق.
تاغ يىغلىدى تاراملاپ، ئەمما
مىنى تاشلاپ كەتمدى پىراق.

كەچ كۈز قانات يايدى دەرەخكە،
ئۈچتى يىتىم قۇشلاردەك ياپراق.
قالدى دەرەخ دەرد يۇتۇپ، ئەمما
مىنى تاشلاپ كەتمدى پىراق.

ئوتنى ئۆزۈپ ئىپ قاچتى شامال،
بويۇن ئەگدى زۇلمەتكە چىراق.
قالدى پىلىك قارىداپ، ئەمما
مىنى تاشلاپ كەتمدى پىراق.

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يىلان يەنە بىر ياشقا كىردى،
تۇرۇلگەنچە تاشلىدى قاسراق.
قالدى يىلان يېڭىكلەپ، ئەمما
مېنى تاشلاپ كەتمىدى پىراق.

مەن يۈرگەچكە زەپىران سىياق،
باغلىغاندۇر ماڭا ئىشتىياق.
ھەممە نەرسە تاشلاشتى، ئەمما
مېنى تاشلاپ كەتمىدى پىراق.

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



## قان يىغلايسەن ماڭا تەلمۈرۈپ

خاتىرەمدە ئۆكسۈپ يىغلايدۇ،
سېنىڭ يازغان سالام خەتلىرىڭ.
ئۇچۇپ كەتتى قانداق شامالدا،
ماڭا كۆيۈپ تارتقان دەردلىرىڭ.

ئۇچراپ قالدىڭ، ئۇچراتمىغاندەك،
ئۆتۈپ كەتتىڭ كۆزۈڭنى بۇراپ.
پۇچىلانغان چېغى يۈرىكىڭ،
گۈل يۈزۈڭگە تەپچىدى خاراب.

ئېقىپ كىردىڭ قەلبىمگە يەنە،
سەھەردىكى سۈزۈك شەبنەمدەك.
پىغانىمنىڭ تۈۋىگە سىڭدىڭ،
شاخ ئايرىغان غەملىرىم كەمدەك.

بۈگۈن كېچە چۈشۈڭدە بەلكىم،
قان يىغلايسەن ماڭا تەلمۈرۈپ.
بولۇتتەك جىم ئۆتۈپ كېتەرمەن،
سېنى ئايدەك تۇرسامۇ كۆرۈپ.

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## دىيالوگ

مەن ئوتقا تۇتاشتىم ئوتنى كۆيدۈردۈم،
قاپقارا باغرىنى چوغقا سۆيدۈردۈم.

ئوت مېنىڭ تەپتىمدىن قىلدى ناللەر،
مەڭزىدە پارلىدى چۇغلۇق ـ لاللەر.

ئۇ دېدى: نېمشقا ماڭا تۇتاشتىڭ،
مەن دېدىم: سەن توڭۇپ ماڭا ئۇچراشتىڭ.

ئۇ دېدى: سەن مېنى قەيەردىن ئالغان،
مەن دېدىم: دەردلىرىم ئوت بولۇپ قالغان.

ئۇ دېدى: مەن بىلەن ئاداش بولامسەن،
مەن دېدىم: مەڭگۈلۈك ھاپاش بولامسەن.

ئۇ دېدى: قەيەرگە يۈرۈپ كېتىمىز،
مەن دېدىم: مەھشەرگە يورۇپ كېتىمىز.

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

## سۇرەتتىكى ئورخۇن دەرياسى

قارىماقتىمەن:
ئارچىن شىخنىڭ ئاراچىلىرىدىن
كۆزۈمگە چاقماقتىن ئۇرۇق چېچىلدى.
قىيامىغا يەتكەن كۆك نۇرنىڭ
ئەڭ پارلاق يېرىدىن يورۇق چېچىلدى.

لاچىنغا ئايلىنىپ كەتكەن ھەرپلەر،
چوغلىنىپ بىر سۆزنى يازدى كۆزۈمگە.
ئۆتكەن تىغىنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى،
ئوت يانغان لېۋىدە سۆيدى يۈزۈمگە.

ئاڭلىماقتىمەن:
ئۇماي ئانا ئېيتقان چۆچەكنىڭ
دەرەخ ھامىلدار بولغان يېرىنى.
مەلىكە مۆكۈنۈپ ياتقان قەلئەگە،
كۆك بۆرىنىڭ چۈشۈش سىرىنى.

سۇغا قىنىپ ياتقان تاشلارنىڭ
چاراسلاپ كۆيگەن ئاۋازلىرىنى.
يەر بىلەن كۆكنى تامام ئۇلىغان
بىلگە خاقان ئويىنىڭ پەرۋازلىرىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پۇرىماقتىمەن:
ئوقيادىن تېز ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ
تۇيىقىدىكى كۆيۈك ھىدىنى.
دەريا تىنىقىغا سىڭىشىپ كەتكەن
كەچمىشىنىڭ تولىمۇ قەدىملىكىنى.

گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى سىڭگەن،
دەريانىڭ ياۋايى شارقىراشلىرىنى.
چەكلەش سىزىقىدىن ھالقىغان يېتى،
مېھرىنىڭ تىنىمسىز ۋارقىراشلىرىنى.

سۆزلىمەكتىمەن:
تاغ كۆچمەسكەن، دەريا كۆچمەسكەن،
ئادەم كۆچەركەن، تەقدىر كۆچەركەن.
تاغ ئۇچماسكەن، دەريا ئۇچماسكەن،
تەقدىرگە تەن بېرىپ ئادەم ئۇچاركەن.

يۇلتۇزۇم
چۆمۈلۈپ كەلگىن ئورخۇن سۈيىگە!
بۇلۇتۇم
تويۇنۇپ كەلگىن ئورخۇن سۈيىگە!

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

## چۆلىيراق

دەردىڭدىن كۆكسۈمگە قارا ئۈنۈپتۇ،
قارنىڭ قېتىغا يارا ئۈنۈپتۇ.

ئالدىمدا تەدبىرسىز خىجالەت ھېكىم،
قينالغان جېنىمغا دال ئەمەس ھېچكىم.

غەم ياققان ئوت بىلەن يۈرىكىم يىرتىق،
مۇڭۇمدىن بۇقۇلداپ يىغلار چۆلئىرىق.

يىرىلىك تاغ دېسەم يىغلايدۇ بۇلۇت،
كۆز ياشتىن مەڭزىمگە ئۈۋىلاپتۇ ئوت.

ئەلىمىك بوينۇمغا سالسىمۇ گىرە،
باغرىدىن ھىجرانغا ئاچتىم پەنجىرە.

دەردىڭدىن كۆكسۈمگە قارا ئۈنۈپتۇ،
بۇ قارا قىسمەتكە مەيلىم كۆنۈپتۇ.

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# كىتاب يايمىسى

يول بويىدا كىتاب يايمىسى،
ھەر كىتابنىڭ ئويغاقتۇر ئىسى.

بوۋاي كېلىپ ئالدى بىر كىتاب،
كەچمىشلىرى كۆلدى ۋىلىقلاپ.

موماي كېلىپ ئالدى بىر كىتاب،
گۈلباھارنى ئالدى قولتۇقلاپ.

يىگىت كېلىپ ئالدى بىر كىتاب،
ئاسمان قوندى باغرىغا يىغلاپ.

جۇۋان كېلىپ ئالدى بىر كىتاب،
ئېتىكىگە يېيىلدى ئاپتاپ.

بالا كېلىپ ئالدى بىر كىتاب،
ھەرپ ـ سۆزلەر كەتتى چۇرۇقلاپ.

يول چىرىغى قالغاندا ئۆچۈپ،
كەتتى تاۋۇش تومۇرى كۆپچۈپ.

تۈنگە كىرىپ كىتاب يايمىسى،
غىلاپلاندى مىسرانىنىڭ بىسى.

ئۆتۈپ كەتتىم مەن ئاستا ياندىپ،
يۈرىكىمنى بىر ئوتتا داغلاپ ...

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com



# كېپىنەك دالاڭغا مېنى ئېلىپ كەت

كېپىنەك دالاڭغا مېنى ئېلىپ كەت،
شەبنەمدەك سىڭىشاي پىنھانلىرىڭغا.
ماڭىمۇ ـ ساڭىمۇ بولۇر مۇرۇۋۋەت،
يۇلتۇزدەك ساقسام ئىلھاملىرىڭغا.

گۈللەرنىڭ قەلبىگە مەن قونۇپ قاناي،
سىمابتەك تامچىسۇن سىرلارغا سىرلار.
ئاشقتەك ئارمانلىق، ئاتەشلىك تىناي،
مېنىمۇ يۇرسۇن زارىققان قىرلار.

مەن بۈگۈن ئۆزۈمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ،
ئىزغىرىن شامالدەك قىلغۇم بار خىيال.
يۈرىكىم كىشنەيدۇ يالقۇنلار چېچىپ،
باھارنىڭ مەڭزىدە بولسام يېشىل خال.

گەر ئاچچىق ئەلەمدىن يىغلىسا جەۋھەر،
ھەممىنى بەر ماڭ سىڭىرىپ كېتەي.
مەن ئىچىپ ئۆگەنگەن قانغۇچە زەھەر،
شادلىقنى ئەلەمگە قوشۇپ تۆگىتەي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېپىنەك دالاڭغا مېنى ئېلىپ كەت،
تۇيغۇمنى قوياي كەڭ ئېكىنغا چېچىپ.
بىلەمسەن، بۇ باھار يەنە بىر پۇرسەت،
كەتمىسۇن ئۇ مەندىن يىراققا قېچىپ.

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى



## قايماق بازىرى

سەھەردەك سۈزۈك چىللىدى خوراز،
چۆچۈپ ئويغاندى چۈشەكگەن قۇش.
قىزلار رەستىگە تامدى شەبنەمدەك،
بولدى يول بىھوش، يۇلتۇزلار بىھوش.

بىر سېۋەت ئانار — بىر سېۋەت شەپەق،
چوغ چېچىپ قويدى يىگىت كۆڭلىگە.
بىر شىڭگىل ئۈزۈم — سۈپسۈزۈك ئارمان،
دەريا باشلىدى ئاشىق لىۋىگە.

بىر چىنە قېتىق — بىر ئاسمان ئايدىڭ،
تىلىكى ئاپپاق بىرىگە رىزىق.
بىر دەستە ئاق نان — بىر توپ يۈرەكنىڭ،
ھاياتقا بولغان مېھرىدەك قىزىق.

سەھرا قىزىدەك چېچىكى پىنھان،
ئەنجۈرنىڭ تۈسى تاۋلانغان ئالتۇن.
كۆزنى باغلايدۇ غىلمان سېھرىدەك،
ھەربىر يايمىدىن چاچرىغان يالقۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



نېمىلەرنى دەي، قانداق تىل تاپاي،
يەتتە جەننەتنىڭ جەۋھەرلىرىگە.
ئىپتىخارلاردىن گۈللەپ گۈل چاچاي،
ئۇدۇمىنىڭ سانسىز گۆھەرلىرىگە.

بۇ خىزىر كەچكەن قايماق بازىرى،
دېسەم ئېنىقى كۆڭۈللەر قايماق.
ئەزەلدىن يوسۇن بولغان ئۇيغۇرغا،
سەھەرنى كۈندە ئويغىتىپ قويماق.

2012 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى



## تۈن يېرىم بولدى

تۈن يېرىم بولدى مېنىڭ كۆڭلۈمدەك،
چۈش زەنجىر سالدى ئۈيقۇڭ مەۋجىگە.
كېچىمۇ مېنى تەنھا قويماقچى،
چىدىماي پەرياد ـ نالەم ئەۋجىگە.

كۆزۈم يۈز ياشقا كىردى بۇ كېچە،
ياشنىڭ تەپتىدە كۆيدى كىرپىكىم.
ئۆزۈمنى يېدىم پىلە قۇرتىدەك،
دارىمغا ئارقان ئەشتى يىپىكىم.

ئەتىرگۈللەردەك نازۇك ھېسلىرىم،
قان بولۇپ تامدى ئاخىرقى خەتكە.
كۈنلەردىن بىر كۈن ئوقۇپ قويارسەن،
يۈرىكىڭ تەشنا بولغاندا دەردكە.

تۈن يېرىم بولدى مېنىڭ كۆڭلۈمدەك،
بارمىدۇ جاھاندا مەندەك بىداردىن؟
سەن بىلەن ئۈمىد بولارمۇ يېتىم،
بىخ سۈرۈپ چىقسا يەنە باھاردىن؟

2012 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئىپارخان كىچىسى

قىزلار ھەرگىز ئۇخلاپ قالماڭلار،
ئىپارخاننىڭ كېچىسى بوگۈن.
غۇرۇرىنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى،
كوچىلارنى كېزىدۇ پۈتۈن.

يېنىپ تۇرغان بىر ئاسمان يۇلتۇز،
كېرەك ئەمەس بوگۈن كېچىگە.
پاكلىنىشقا كىرىپ چىقىڭلار،
ئۇ تاراتقان نۇرنىڭ ئىچىگە.

قەلبىڭلارغا ئېكىن ئېچىڭلار،
ئۇ دان چېچىپ ماڭىدۇ چوقۇم.
قىسسىسىدىن بىلىۋېلىڭلار،
ئەخلاق دېگەن قانداق بىر ئۇقۇم.

ئەقىدىسى تۇتقان نوتىنى،
ئۇلاپ ۋىجدان دەرەخلىرىگە،
ئۆچمەيدىغان ئوتنى يېقىڭلار،
ئوغلانلارنىڭ يۈرەكلىرىگە.

سىلەر شۆھرەت كەينىدىن ئەمەس —
كەينىڭلاردىن شان - شۆھرەت چاپسۇن.
بەخت، ئىقبال نىشانەڭلەردە،
جىگدە ئالتۇن چېچەكلەر ئاچسۇن.

قىزلار ھەرگىز ئۇخلاپ قالماڭلار،
بۈگۈن كېچە ئىپار پۇراڭلار.
تاڭ سەھەردە كۈتۈۋالاي مەن،
سۆيگۈڭلەرگە دەريا سوراڭلار.

2012 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# تەنها ئانا

تەنها ئايدەك قالدىڭغۇ ئانا،
يۇلتۇزلىرىڭ ئۇچۇپ هەر تەرەپ.
نېمە دېدىڭ دەقىقىلەرگە،
بوران كەبى كەلسە گۆركىرەپ؟

ئىبادەتنىڭ سامانيولىدا،
شۈكۈرلەردىن تاپتىڭمۇ بەرداش؟
تۈن قوينىغا كىرىپ كۈندۈزدە،
ئۆزۈك چۈشكە بولدۇڭمۇ سىرداش؟

ۋىدالىشىپ خۇشخۇيلۇق سەندىن،
خىيالىڭغا تىكەن پاتتىمۇ؟
ئۈششۈك تېگىپ قوغۇنگۈلگە،
يازلىق هويلاڭ مۇزدا قاتتىمۇ؟

ئېلىۋاپتۇق سەندىن هەممىنى،
لېكىن هەسرەت قاپتۇ شۇ پېتى.
بەلكى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى،
يېشىڭ تامغان تۇپراقنىڭ قېتى.

كەچۈر ئانا، تەنهالىقىڭغا
بولالىدۇق پەقەت تەك تۇرۇپ.
ئىچىمىزگە ئالدۇق ھەسرەتنى،
كەتتى يۈرەك، جىگەرلەر قۇرۇپ.

2012 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا

يۇلتۇزلار سەپ تۈزۈپ كۆكسۈمگە كۆچەر،
ئاھىمدىن بورانىنىڭ ئاۋازى ئۆچەر،
ئاق بۇلۇت ئاق يىغلاپ كوچامدىن كېچەر،
قەلبىمدىن دەريالار سۇ تىلەپ ئىچەر،
مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا.

ئەترگۈل بېغىدا قاندىن ھىد چاچار،
قارا تاش تېغىدا كۆيۈپ ئوت ئاچار،
كېپىكنىڭ يۈرىكى تېنىدىن قاچار،
بۆركۈتنىڭ پەرۋازى بىر ئاسمان ئاچار،
مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا.

مەلىكە چوپاننى سۆيەر كەپىدە،
يېتىم قىز ئويناىدۇ ئالتۇن مەپىدە،
شاھلارنىڭ قىسمەتتىن يۈرىكى زېدە،
بىر كىملەر ئويلىنار شائىر ھەققىدە،
مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا.

قېشىمدىن يىراقلاپ كېتىدۇ قورقۇش،
باغرىمغا ئۇۋىلاپ كېتەر تۇمەن قۇش،
دوزاخقا كىرىدۇ قان تۆكۈش ـ ئۇرۇش،
بىر تاتلىق سېزىمدىن بولىمەن بىھوش،
مەن شېئىر يېزىۋاتقاندا.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## زەيتۇنگۈل

شاخ ـ شاخلارغا ئۆزىنى تاشلاپ،
پۈركىنىپتۇ هال رەڭ چېچەككە.
هەر چېچەكنى ئوخشاتتىم گويا،
هىجران دەردى تارتقان يۈرەككە.

قار ياغدۇ سىرتتا تېپتىنچ،
دېرىزىدە ئېرەر ئۇچقۇنى.
قېتىپ قالغان ئىككى ئارىدا،
ئازابلارنىڭ يېڭى دولقۇنى.

مەن زەن سېلىپ قارىدىم ئۇزاق،
زەيتۇنگۈل ۋە قارنىڭ تۈسىگە.
ئەلەم ـ شادلىق تەڭ قونغانىكەن،
بۇ زېمىننىڭ كەڭرى كۆكسىگە.

دېرىزىگە قوندۇم قۇش كەبى،
كۆيدۇم ئېرىپ ئەينەك ئورنىدا.
قار چېچەكلەپ كۈلگەندەك بولدى،
زەيتۇنگۈلنىڭ ياپراقلىرىدا.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

## چۈش

قارا گۈلدەك كېچىدە،
يۈردۇم چۈشنىڭ ئىچىدە.
زۆھەل ماڭا تەلمۈردى،
بىر ئۈپۈقنىڭ چېتىدە.

ماڭدىم كارۋان يولىدا،
بولسامۇ سۈت ئۇيقۇدا.
ئەكس سادا قايتۇردۇم،
قوڭغۇراقتەك تۇيغۇدا.

ئاسمان مەندىن سۆيۈندى،
ئاي كۆكسۈمدە يۇيۇندى.
ئاق بۇلۇتنىڭ يۈرىكى،
نەپسىمگە تويۇندى.

قاسراق چۈشتى لېۋىمدىن،
باھار ئۈچتى تىلىمدىن.
پىلە يىپەك يۆگىدى،
باغچانلىغان دىلىمدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەن ئىنقىراق ئەسلىسەم،
ملك گەزنى بىر دەسسسەم.
تاپارمەنمۇ ئۆزۈمنى،
نەچچە ئاسمان پەسلىسەم؟!

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى



## سېنى ئاسراپ سۆيمەكچى بولدۇم

ئاھلىرىمنى تىزىقتا تىزىپ،
يۈرىكىمنى باش بەتكە سىزىپ،
سېغىنىشلىق سالام خەت يېزىپ،
سېنى ئاسراپ سۆيمەكچى بولدۇم.

ئاق ئايدىڭدا شوراڭدىن ئاتلاپ،
دوڭغاق سۆگەت تۈۋىدە ساقلاپ،
چوغ تېنىمنى چوغۇڭغا قاقلاپ،
سېنى ئاسراپ سۆيمەكچى بولدۇم.

ئوت ئالغىلى چىقساڭ ئېتىزغا،
مەن ئايلىنىپ يورۇق يۇلتۇزغا،
ھىجرانىمنى چېچىپ ئېگىزغا،
سېنى ئاسراپ سۆيمەكچى بولدۇم.

ئۆتۈپ كەتسەڭ يىراقتىن قاراپ،
سوۋغا قىلغان ياغلىقنى پۇراپ،
يۈرىكىمدە ساڭا ئوت قالاپ،
سېنى ئاسراپ سۆيمەكچى بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



سۆز ـ چۆچەككە قالدۇرماي سېنى،
ئاسرىغاندەك يۇمران مايسىنى،
بىلىپ سېنى جېنىمنىڭ جېنى،
سېنى ئاسراپ سۆيمەكچى بولدۇم.

ئىشەنگەندەك قۇشلار دەرەخكە،
يىلتىز تارتىپ ساڭا ئەبەدكە،
قالسامۇ گەر ئەلەملىك دەردكە،
سېنى ئاسراپ سۆيمەكچى بولدۇم.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى



## يەتتىنچى ئاسمان

ئۇشتۇمتۇت كۆزۈمدە توپانلىدى ياش،
مەن ئۇنى توسۇشقا قالدىم بىئىلاج.
خىيالىم تۆرگە چىققان كاج قىسمەت،
بېشىمغا تاقىدى زەپىرەك خانتاج.

باغرىمغا باشلىدىم بىر دۇنيا غەمنى،
ئۇ تەنگە سىڭدۇ بەكمۇ بىمالال.
مېنى قارا كۈننىڭ ئويىغا سالار،
كۈندۈزنىڭ ئالدىدا يۈگۈرگەن زاۋال.

بالىمان ئۈندە ئۆتمەكتە ۋاقت،
سۈكۈتتىن قاتماقتا گۈلنىڭ تومۇرى.
مەن يەنە ئۇشتۇمتۇت چىقىلىپ قالسام،
كۈتتدۇ باشقا بىر قىسمەتنىڭ يولى.

ئادىششى بەختكە بولسام مۇيەسسەر،
كۆزۈمدىن بالقىسا يەتتىنچى ئاسمان.
قانداق كەچمىشلەر چۈشسۈن پېيىمگە،
تارتقۇلۇق ھەققىدە يازاتتىم داستان.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com



# توپا يېغىلىقى

ئاسماندا نېمىلەر بولدىكىن،
سېرىق توپا ياغماقتا سىم ـ سىم،
قۇت ـ بەرىكەت ئىدى قار ـ يامغۇر،
ئۇ تىلەكمۇ تامچىغان تىم ـ تىم؟

بىر قەدىمي شەپە ـ تاۋۇشنى،
ئېتىغاندەك بولدى كىرپىكىم.
ئۇ يۇرتىغا قايتقان مۇساپىر،
ئۇنى تونۇپ قالدى يۈرىكىم.

چاچتىم ئەزگۈ خىياللىرىمنى،
لەيلەپ تۇرغان سارغۇچ تۇمانغا.
يېتىرقىماي قونۇشلار دېدىم،
ئالتۇن ئۇۋا تەكلىماكانغا.

توغراقلىققا قونغان شولىدەك،
سېرىق توپا ياغماقتا سىم ـ سىم.
نەۋايىنىڭ خوتەن نەپسى،
چوغ چاچراتتى تەنگە بۇ قېتىم.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



# ۋىجدان ھەيكىلى

بولسۇن بىر ۋىنتىسى كەم ياكى ئارتۇق،
شائىرنى مەيلىچە ياشىغىلى قوي.
ئۆزىگە پىچىرلاپ يۈرىدۇ چۈنكى،
سىنىڭدە بىر ئوي بار، ئۇنىڭدا مىڭ ئوي.

قاراپ باق سەھەردە ئېچىلغان گۈلگە،
پورىكى يېيىلغان يۈرىكىسىمان.
ئۇ قۇشلار ھەققىدە خىياللار قىلسا،
كۆكسىدىن ئۇچىدۇ يەتتە قات ئاسمان.

قىپقىزىل ئوت ئاقسا تومۇرلىرىدا،
قارا تۈن تۆتەيدۇ قاراقلىرىدا.
غەملەرگە ئۇۋۇدۇر ئۆگە ـ ئۆگسى،
مارجانلار تۆنەيدۇ ياناقلىرىدا.

قۇرلارغا تۆكۈلگەن مەرۋايىت ھەرپ،
دەردىنىڭ دېڭىزىدا ئۈزگەندە كۆلگەن.
يۈرىكى تەپتىدە كۆيۈپ كەتكەن قان،
قەغەزگە قارا رەڭ بولۇپ تۆكۈلگەن.

كىمىندۇر چىدامدا سىنىماق بولساڭ،
قەلبىدىن ئىزدىگىن ئېگىز چوققىنى.
ۋىجدان ھەيكىلىنى ياسىماق بولساڭ،
تىكلىگىن شۆبھىسىز شائىر تۇرقىنى.

بىلگىنكى، ئۇ تىنچ كۆز يۇمغان چاغدا،
پەرىشتە روھىنى كېتىدۇ بۇلاپ.
سەزگۈسى يوقالغان تىرىك مۇردىلار،
يالىڭاچ شەمشەرگە تىكىدۇ غىلاپ.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# بىر كۆرۈپ كۆيۈش

شوخلۇق قىلمىسا گەر ئەركە شامال،
قايرىلماس ئىدى زەر گۈللۈك رومال.

گۈلدۈرمامىسىز چېقىلدى چاقماق،
ئۇنى كۆرمەسكە كۆزگە يوق ئامال.

تۇن ئېلىپ كەلدى كۈندۈزلىرىمگە،
ئاينىڭ بالىسى ئول ساھىبجامال.

سۆيىدە تۇرۇپ، كۆتتۈم ئۆتىنى،
ئەس ـ ھوشۇم بولدى ئەبەدلىك قامال.

ئاشىق ـ مەشۇقلار چۆچىكىدىكى،
بىر كۆرۈپ كۆيۈش مۇشۇ ئېھتىمال.

چۆمدۈم ئۆزگىچە بەخت بەھرىگە،
كۈنۈم تاپسىمۇ ھىجراندىن كامال.

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

## ئەي ئىنسانلار

غۇلاچ ـ غۇلاچ قىلىچ ياسىدۇق،
سۇغىرىلدى تىغى زەھەردە.
زەر ـ كۈمۈشتىن نەقىشلەر ئويدۇق،
سېپىغا كۆز قويۇپ گۆھەردە.
قوشلار ئۇچتى يىراق ـ يىراققا،
قان پۇرىغاچ بىز تۇرغان يەردە.

ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشاش،
خەرىتىگە ئالدۇق دۇنيانى.
بىر سىزىقتا ئىككىگە بۆلدۇق،
ئىتائەتتىن يىراق دەريانى.
چىداشمىدۇق بىر غېرىچ يەرگە،
نەپسىمىزنىڭ يوقمۇ پايانى؟

يۇلتۇزلارنى تەرمەكچى بولدۇق،
كىملەرنىدۇر تىمتاس ئۇخلىتىپ.
ئاينى بۆلۈپ كەسمەكچى بولدۇق،
بۇلۇتلارنى قان ـ قان يىغلىتىپ.
ئالماق ھەمدە ساتماقچى بولدۇق،
كۆك ئاسماننى زېمىنغا قېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



يىراقلاشتى قەلبدىن قەلب،
ھەر قەدەمدە بولغاچقا پاسىل.
تىكىلگەندە كۆزلەر كۆزلەرگە،
چاناقلاردا نەپرەتلەر ھاسىل.
ئەي ئىنسانلار ئىدىققۇ ئەسلي،
بۇ دۇنيادا مۆتىۋەر نەسىل؟!

2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى





## ئادەملىكىمدە قوي

مېنى ئادەملىكىمدە ياشىغىلى قوي،
چىقىرالماسمەن قۇشلاردەك قانات.
ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقارمەن ئەمما،
يۇلتۇزغا قونالمىسام بولمامدۇ ئۇيات؟

ماڭا تۆرەلگىنى ئادەم يۈرىكى،
ئاغزىمغا كەلمەس شىردەك ھۆركىرەش.
ئورماندا مۇتتەھەم خاقان بولغۇم يوق،
ئاجىز - ئورۇق بىلەن قىلمايمەن كۈرەش.

ياشاش مىزانىمغا قەسەم بەرگەنمەن،
ھېيلىگەر تۈلكىنى قىلمايمەن ئۆرنەك.
ھەركىمنىڭ بەختكە تەبىرى باشقا،
بەختلىكمەن قېنىپ چەكسەم بىر پىنەك.

ئانام قۇچىقىدا چىققانتى تىلىم،
بولغۇم يوق قۇشقاچتەك مەمەدان.
گەپ بىلەن ئۆزگىرىپ كەتسە ئەگەردە،
سېغىزخان قولىغا ئۆتمەمتى جاھان.

لېكىن سۈكۈتۈمگە قاراپ بىر يولى،
قوي مىجەز دەپ قىلمىغىن ھۆكۈم.
ئادەم تېرىسىگە ئورالغان جىسمىم،
قۇترىسا بۇ دۇنيا بولار كۇمپەيكۇم.

2012 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بىلمەس

مېنىڭ رەسۋالىقىمنى مەستانەم بىلمەس،
قوۋۇقلىرى يېپىلغان ئاستانەم بىلمەس.

مەن گۈلەخلەر ئىزدىگەن قىزىل چوغ چېچەك،
تىللىرىدا ئوت كۆيگەن ئەپسانەم بىلمەس.

گەز باغلىغان لېۋىمگە داغلار گۈل ئويدى،
ئىچ ـ ئىچىگە مۇز تۇتقان دۇردانەم بىلمەس.

قوندى كىرپىكلىرىمگە ئېچىرقىغان تۈن،
ۋۇجۇدۇمدا سەل بولغان گىريانەم بىلمەس.

ئۈنلىرىمنى ئۇلىدىم قۇشلار ئۈنىگە،
ئاسمان يەڭگۈشلەپ يۈرگەن غەمخانەم بىلمەس.

2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## سېنىڭ ئاسمىنىڭ

ئۆزلۈكۈم چۈشۈمگە كىرگەن ئۇيقۇنى،
سېنىڭ ئۇيقۇڭغا ئۇلىغۇم كەلدى.
ھەسرەتىنىڭ شېخىدا كۆيگەن چېچەكنى،
ھەمنەپەس بولۇپ پۇرىغۇم كەلدى.
نېچۈن نالەشتىن پۈتكەن بۇ يوللار؟
سېنىڭدىن سەۋەبىنى سورىغۇم كەلدى.
مېھىر ئىقلىمىدا ئەسلي مەن ئومان،
گاھىدا تېگىمدىن قورۇغۇم كەلدى.
نېمىدىن مەھرۇم سەن، نېمىنى قۇچتۇڭ؟
ئىزىڭنى بىرمۇبىر سانىغۇم كەلدى.
ھېچقاچان تاشتىن تاغ كۆكلىمەس ئىكەن،
يولۇڭنى قەلبىمگە بۇرىغۇم كەلدى.
ئۈستۈمدە ھەر زامان سېنىڭ ئاسمىنىڭ،
كېچەڭدە يۇلتۇزدەك يورۇغۇم كەلدى.

2012 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بوم باياۋان

تورغاي تۈيغۇمنى ئاھاڭغا سالدى،
كېتەرمۇ بوغداي تاۋۇدىن قوروپ؟
تاتەك كۆۋەجەپ ئۈجمە شېخىدا،
ئىچىدىن كۆيەرمىكىن تىك تۇرۇپ؟

دۇتار مۇڭلانسا بىگانە ئىدەك،
مەن باياۋانغا چۆكتۈم - تۇنجۇقتۇم.
سۇ تاشتەك قاتتى، بىلىق ئېرىدى،
مىسلى كۆيگەن يەلكەندۇر تۇرقۇم.

ئۇلىيارمەنمۇ كېچىنى تاڭغا،
روھىم بىزاردەك بولدى تېنىمدىن.
تومۇرۇم ئۈزۈك - ئۈزۈك تارىدەك،
سەل تەشۋىشلىنىپ قالدىم جېنىمدىن.

بوم باياۋاننىڭ تەپتىگە قاقلاپ،
ئويغاتماقچىدىم مۇزدىن گۈليارنى.
تەتۈر كىرپىك قاقتىمۇ كۆيلەر،
ئۆزۈمگە ئۆزۈم تىكلىدىم دارنى.

2011 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# بادام چېچىكى

يېشىل كۆلۈپ تۇرغان بۇ باغلار،
ئاق بۇلۇتنىڭ ئارامگاھمۇ؟
ئالتە كۈنلۈك ئايدەك يوپۇرماق،
باھار يېگەن تولغاق ئاھمۇ؟

باغقا كېلىپ تۇندە ئاق ئايدىك،
كېتەمدىكىن كۆككە رەڭ ئېلىپ؟
قالغانمىكىن باغقا تەلمۈرگەن،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرى تېلىپ؟

ئاق چېچەكنىڭ ئاپپاق تىلىكى،
بۇ زېمىنغا بولسۇن دەپ ئارام.
ھېسلىرىنى سەدەپكە ئوخشاش،
تۇغامدىكىن تىنماي ئاي بادام؟

شاختىن ـ شاخقا مۇھەببەت توشۇپ،
ئۆلگۈرەلمەي قالامدۇ ھەرە؟
مەن ئىزىمدا تۇرۇپلا قالدىم،
ماڭا پەرى سالغاندەك گىرە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



خەيرىيەت، مەن كېتىمەن يىراق،
سىرغىپ ئاققان بۇلاق سۈيىدەك.
ئەمما دىلدا لەرزى قالماقتا،
قىدىرخانىنىڭ ساتار كۈيىدەك.

2012 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى



## بىرمۇ ئانا يوق بالا باقمىغان

بۇلۇتتەك يۇمشاق يۆگەككە ئېلىپ،
تەۋەررۈك ئويما بۆشۈككە سېلىپ،
كۆزنگە قاراپ كۆزلىرى تېلىپ،
بىرمۇ ئانا يوق بالا باقمىغان.

تاتلىق مېغىزدا ئېغىزلاندۇرۇپ،
بۇدرۇق ئېتىنى سېغىزلاندۇرۇپ،
ئەللەيلىرىدە غۇرۇرلاندۇرۇپ،
بىرمۇ ئانا يوق بالا باقمىغان.

پوسمىغا بۆرە ئوشۇقى تاقاپ،
ئوتلۇق تىلەكتىن تۇمارلار ياساپ،
بىر دانە جاننى مىڭ جاندەك ئاسراپ،
بىرمۇ ئانا يوق بالا باقمىغان.

ئىسرىق - بۇي سېلىپ ئادراسمان بىلەن،
ئاچلاپ يەتتە بۇردا نان بىلەن،
يامان روھ قوغلاپ سىيادان بىلەن،
بىرمۇ ئانا يوق بالا باقمىغان.

يىغلىسا ئەگەر خەقىش ـ تىلىقىپ،
يەتتە دوقمۇشقا شام ـ نۆكچە يېقىپ،
ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ،
بىرمۇ ئانا يوق بالا باقمىغان.

تاتلىق تۇيغۇدا كۆڭلى ئاۋۇنۇپ،
جىمنى بالا ئۈچۈن ئۇۋۇنۇپ،
تۈن بويى بۆشۈككە يۇلتۇزدەك قونۇپ،
بىرمۇ ئانا يوق بالا باقمىغان.

2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



## ئۆزۈمدىكى رەقىبلەر

ئەي تىلىم،
سېنى ماڭا ھامىي بولار دەپ،
ئاسرىغانىدىم.
بىر مىدىرلىدىڭ بېشىم يەتتە ئاسمانغا،
بىر مىدىرلىدىڭ قەدەم ئالدىم زىندانغا.

ئەي كۆزۈم،
سېنى ماڭا كومپاس بولار دەپ،
ساقلىغانىدىم.
بىر قارىساڭ تاش ئايلاندى زۇمرەتكە،
بىر قارىساڭ چۆكۈپ كەتتىم زۇلمەتكە.

ئەي قۇلىقىم،
سېنى ماڭا مايىل بولسۇن دەپ،
ئۇيلىغانىدىم.
بىر ئاڭلىساڭ دۇنيا شېرىن ناخشىدەك،
بىر ئاڭلىساڭ ھەممە ئادەم باخشىدەك.

ئەي پۇتۇم،
سېنى ماڭا يول باشلىسۇن دەپ،

www.uyghurkitap.com



چاغلىغاندىم.
بىر قەدەمدە ئىنتىلدۇردۇڭ ئۇجاققا،
بىر قەدەمدە چۈشۈپ قالدىم قىسماققا.

ئەي يۈرىكىم،
مېنى ساڭا نېمە بولسۇن دەپ،
ئويلىغاندىڭ.
ساڭا سالدىم تولىمۇ جەۋر،
قاچان توشار سەندىكى سەۋر.

2012 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى



# تېڭىرقاش

مەن نېمىلەر دېيىشنى بىلمەي،
تۇرۇپ قالدىم گاڭگىرىغانچە.
ئۇپۇقۇڭغا ماي بوياق سىزدى،
كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن تامچە.

تېڭىرقاشنىڭ قاناتلىرىغا،
ئوت تۇتاشتى ـــ پەيلىرىم پايخان.
يۈزلىرىگە تامام قان چاچتى،
كۆزۈمگە تىك قارىغان جاھان.

يۈرىكىمنىڭ نالەشلىرىنى،
قوشۇۋالدى بوران چەرخىگە.
قايتا جەۋھەر بولامدىكىن - تاڭ،
ئۇ كىرگەنچە تاغنىڭ كۆكسىگە.

شەپەققە رەڭ بەرگەن كۆڭلەكنىڭ،
ياقىسىغا سىرغىغان تۇيغۇم،
چۈشەندۈردى بارچىنى ساڭا،
بار دەپ يېنىش، ياشىرىش، تۇغۇم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



گىرەلىشىپ كەلگەن مۇڭلارنى،
ئېلىپ بىرىپ چاچتىم مەشرەپكە.
باشتىن - ئاخىر ئوتتۇرىدىن چىقماي،
ئۇسسۇل ئويناپ بەردى ئۇ دەردكە.

يۇلتۇزغا لىق تولغان ئاخشامنى،
يۆدۈپ بارسام ئەگەر ئالدىڭغا.
قويارسەنمۇ ئۇلۇغ بىر تىنىپ،
ئاسمىنىمنى ئېلىپ يادىڭغا.

2012 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



# سۆكۆتتىكى قۇم بارخانلىرى

قۇش تويىدەك لوپنور جاڭگىلى،
ئاق ئايدىڭنى تۇرۇپتۇ يۇدۇپ.
ئالتۇن قانات يۇلغۇن، توغراقلار،
تىكىلىپتۇ ئاسمانغا ئۆكسۈپ.

شامال چېلىپ تۇرغان قومۇشنىڭ،
يىراقتىنلا مۇڭى جان ئالار.
نۇرغا قونداق بېلىق كۆكسىدە،
بىر ئىستەكتىن يانار تۇيغۇلار.

لاچىن قانات قالپاقلىق بوۋاي،
قولۋاق ھەيدەپ تېرىدۇ ئۇجۇل.
غىڭشىغىنى قەدىمكى ئاھاڭ،
يۈرىكىڭگە تېگىدۇ ئۇدۇل.

سۆكۆتتىكى قۇم بارخانلىرى،
مىنۋاپتۇ ئۇزاق بىر چۈشكە.
ئاستىدىكى قەلئە ـ شەھەرنى،
يول قويماسلىق ئۈچۈن كۆچۈشكە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تىلسىماتقا تولدىغۇ كۆكسۈم،
توغراق بىلەن بولۇپ ھەمنەپەس.
چۆللەرگە چۈشۈمنى ئۇلاي،
قىلماي كۆكتە ئۇچۇشنى ھەۋەس ...

2012 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


## كۆزلىرىمدە كۆيگەن گۈلسۈرۈخ

دەرۋازاڭغا خەت يېزىپ قويدۇم،
ئاخشام كېلىپ سىغىنىز چالمدا.
يۈرىكىمنىڭ رەڭلىرى قالدى،
ھويلاڭدىكى قىزىل ئالمدا.

بەلكى يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر،
گەپ تاپقاندۇر خېتىم توغرۇلۇق.
خەت قېتىدا سىنى كۈتمەكتە،
كۆزلىرىمدە كۆيگەن گۈلسۈرۈخ.

كۆلكىلەرگە قالسامۇ مەيلى،
مېنىڭ ئۈچۈن ھەممە بەرىبىر.
نېسىپ بولماس جىمى ئادەمگە،
ماڭا نېسىپ بولغان بۇ جەبىر.

ئاپپاق ئايدىڭ بولغان ئاخشىمى،
مەھەللەڭگە يەنە بارىمەن.
ھويلاڭدىكى كۆك كەپتەرلەردىن،
مەن ئۆزۈمنى تېپىۋالىمەن.

2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

# ئوت

كۆك يېغىلار ھەردەم رەڭگىنى،
يېغلىنار ئاسمان ھەر تۈنى.
يۈرىكىمدە كۆيگەن بىر ئوت بار،
مەن يېغلاپ باقمىدىم ئۈنى.

سۇ يېغلاپ تۇرار سۆزىنى،
گۈل يېغلاپ تۇرار يۈزىنى.
يۈرىكىمدە كۆيگەن بىر ئوت بار،
ئۆز پېتىدە ساقلار ئۆزىنى.

كەلدى يېڭى باھار كەلگۈنى،
كەلدى يېڭى تاڭنىڭ سەلكىنى.
يۈرىكىمدە كۆيگەن بىر ئوت بار،
يېغدىن دەرد سالار ھەر كۈنى.

2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# بۇ كۆزلەر

بۇ كۆزلەرگە يىقىلغان باھار،
زىمىستانغا يەم بولدى چۆكۈپ.
بۇ كۆزلەرگە تىكىلگەن قۇشلار،
ئۇچۇپ كەتتى يىراققا ئۈركۈپ.

بۇ كۆزلەرگە تەلپۈنگەن سەھەر،
قارا تۈننىڭ كۆردى چۈشىنى.
بۇ كۆزلەرگە تەلمۈرگەن گۈللەر،
خىلۋەتلەردە تاپتى ھوشىنى.

بۇ كۆزلەردە تەۋرىگەن دېڭىز،
يۇتۇپ كەتتى سانسىز يەلكەننى.
بۇ كۆزلەردە قايىنغان ۋولقان،
ئالماشتۇردى ئىككى ئالەمنى.

بۇ كۆزلەرگە تىنغان ۋەھشىيلىك،
ھەممە يەرگە يايدى جىنايەت.
بۇ كۆزلەرگە ئۆنگەن شەخسىيەت،
قانلار كېچىپ قىلدى ساياھەت.

بۇ كۆزلەردە تېگى يوق غارلار،
ئېغىز ئېچىپ تۇرار ئالەمگە.
بۇ كۆزلەرنى نېمىشقا تەڭرىم،
سوۋغا قىلىپ بەردىڭ ئادەمگە؟!

بارمىش كۆكتە بىر قارا ئۆڭكۈر،
كائىناتنى يەرمىش ئاقىۋەت.
بۇ كۆزلەردىن ئاشمايدۇ چوقۇم،
ئاڭا يېتىپ كەلگۈچە نۆۋەت!

2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# مېنى سۆيگەن چوغدەك لېۋىڭگە

مېنى سۆيگەن چوغدەك لېۋىڭگە،
باشلاپ كەلدىم قانلىق دەرياىنى.
ئېنىق بولسۇن سۇپسۈزۈك تاڭدەك،
ئېچىرقاشنىڭ ئۇزاق جەرياىنى.

مېنى سۆيگەن چوغدەك لېۋىڭگە،
باشلاپ كەلدىم بوغۇن ـ ھەرىنى.
سۆزلەپ بېرەر ھەربىر چېچەككە،
ئوت ياراتقان تەمنىڭ سىرىنى.

مېنى سۆيگەن چوغدەك لېۋىڭگە،
قونماق بولدى داغ بولۇپ قۇياش.
كىرمەك بولدۇم تۈننىڭ قەلبىگە،
دەردى مەندەك يۈلتۈزغا ئوخشاش.

مېنى سۆيگەن چوغدەك لېۋىڭگە،
جۇغلاپ قويساڭ ئىككى ئالەمنى.
قايسىسىدا بولسۇن رىزقىم،
سۆزلەپ بېرەر گۈزەل نالەمنى.

2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

## چۇشىنىش

شەيدا بولۇپ يۇرسەم چېچەككە،
مەندە ئىكەن ئۇنىڭ ھەۋسى.
دېسەم: بوياق بەرگىن يۇرەككە،
دېدى: سەندە رەڭنىڭ ھەممىسى.

مەپتۇن بولۇپ يۇرسەم شامالغا،
مەن ئىكەنمەن ئۇنىڭ ئامرىقى.
دېسەم: سەندە يېتەي كامالغا،
دېدى: مەندە ھىجران ئاغرىقى.

رەشك قىلىپ كەلسەم قۇشلارغا،
ماڭا مېھر يۇرۇپتۇ ساقلاپ.
دېسەم: قانداق قىلدۇق ئىشلارغا،
دېدى: مەنمۇ يۇرۇيمەن يىغلاپ.

دەرد تۆكەي دەپ يۇرسەم چىراغقا،
توساتتىنلا قالدى ئۇ ئۆچۈپ.
دېسەم: ئىلاج بارمۇ پىراققا،
دېدى: كەتكىن دۇنيادىن كۆچۈپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چۇۋۇق چاچتەك گادىرماچ تۇيغۇم،
تېپىرلىدى تۇتقۇن بېلىقتەك.
دېدىم: تېخى بار ئىكەن تۇغۇم،
يۈرمەي ئەمدى تەنها قېيىقتەك.

2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى



## بوغا

ئاق كۆڭۈل بولساڭ ــ قاردەك ئاق كۆڭۈل،
ئۈركۈمە مەندىن باراي قېشىڭغا.
نۇرغۇن قىسمەتلەر بىزلەرگە ئورتاق،
ياشلىرىم قانسۇن چوغدەك يېشىڭغا.

كۆكسۈڭگە تىنغان گۈلدۈرمامىدىن،
ماڭمۇ ئازراق قىلغىن ھەدىيە.
ئوت ئېقىپ كىرسۇن تىنىقلىرىمدىن،
سوغۇققانلىققا ئوقۇپ مەرسىيە.

قانلىرىڭ ئاچقان گۈلنى كۆرگۈم يوق،
ماڭا كېرىكى دەريا كۆزلىرىڭ.
ئۆلپەت ئىككەنسەن تەنھالىق بىلەن،
باراقسانلىسۇن مەندە سۆزلىرىڭ.

ھىلالغا ئۇۋا كىرپىكلىرىڭدىن،
كۆچۈرەي نوتا باغرىم چۆلگە.
جاڭگىللىق بىلەن مەھەللەم يولى،
مەمنۇنىيەتنىڭ تولسۇن گۈلگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاق كۆڭۈل بولساڭ — تاغدەك ئاق كۆڭۈل،
ئۈركۈمە مەندىن، باراي قېشىڭغا.
چۈشكەن بولسىمۇ قىسمەتلەر شاخلاپ،
چاقماق ھەيكىلى بولۇپ بېشىڭغا.

2012 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى



## باغراش كۆلى

سەن ئاسمانىنىڭمۇ يا ئاسمان سىڭىلى،
قەيەردىن بىلەي ئىككىگە ئايرىپ؟
قايسى تىلسىمدىن تاشلانغان ئەينەك،
قالغان بۇ يەردە كۆلگە ئايلىنىپ؟

مەرۋايىت دانلاپ يۈرگەن ئاق قۇغا،
كۆك پەرىسى سالغانمۇ سىلىق؟
يۇيۇنارمۇ ئۇجماق سۈيى دەپ،
چىپپ بەرسەم ئەرشكە ئېرىق؟

ئۇقاي دېسەم تېگى ـ تەكتىنى،
دېدى ماڭا باش تارتقان يېكەن:
باشقىسىنى سورىما بۇ كۆل،
ملك پەرىشتىنىڭ سىيماسى ئىكەن!

2012 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئۇسما

مىڭ چاقىرىم يىراقتىن ئانام،
ئۇسما ئەۋەتىپتۇ قىزىمغا.
ئۆيىمىزگە قوندى كۆك ئاسمان،
بارغاندەك بولدۇم،
باھار چۆككەن ئېتىزىمغا.
ئانام ئۇسما قويۇشنى ئۇنتۇپ،
ئۇنتۇماپتۇ ئۇسما تېرىشنى.
پۇرىدىم ئۇسمىدىن ئۇنىڭ ھىدىنى،
چۈشەندىم باغرىدا بار تامام ھېسنى.
ئېرىگەن كۆك ياقۇتتەك تامچىدىن،
كاككۇك ئاۋازىدەك ئاڭلاندى سادا:
باھار نەۋرەمنىڭ قاشلىرىغا چىق!
ئۇسما تۈت ـ تۈت،
ئۈچساك ئۈچ،
ئۈچمىساڭ باغدا ئۇسما جىق!

2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

# غېرىب كېمە

سېنى سەندىن ئالماقچى بولدۇم،
مېنىڭدىكى ماڭا قوشقىلى.
قوۋۇقۇڭنى دەمدە تاقىدىڭ،
ئۇچۇپ كەتتى ۋىسالىڭ دىلى.

مېنى مەندىن ئالماقچى بولساڭ،
مەن چىقاتتىم ئەرشئەلاغا.
مېنى كۆڭگە قوشۇپ تۇتاتتىم،
قالسامۇ گەر ئېغىر بالاغا.

ئەمدى ماڭا مېنىڭدىن باشقا،
قوشۇلمايدۇ شەكسىز ھېچنېمە.
بۇ دۇنيادا يالغۇز ياشايمەن،
بولۇپ گويا بىر غېرىب كېمە!

2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچ ئادرېسى



## باھانە

ئەمدى سۇغا كەلمەيسەن بۇلاققا،
سۇمۇ بىرىپ بولدى قازان بېشىغا.
گۈلدەك ئېچىلمايسەن تولۇپ پۇراققا،
قېنىپ ئولتۇرمەن ھىجران يېشىغا.

قوناقلىقتا ئوت ئالغىلى چىقمايسەن،
ئېتىزدا نەسلى قۇرۇغان چۈجگۈن، قىياقنىڭ.
لېكىن كۆكسۈمدە نېمە ئۆستى ئۇقمايسەن،
ھىدى پۇرىمىدىمۇ ساڭا پىراقنىڭ.

مەھەللىلەردە بولمايدۇ مەشرەپ،
تويلارغىمۇ بېرىشمايمىز باغاقسىز.
مېنىڭ بۇ كۈنلىرىم كەتتى بەك تەسلەپ،
ئىزلىرىم ئاستىدىلا تېپىرلايدۇ ئىز.

كوچاڭدىن ئۆتەلمەيمەن ناخشا توۋلاپ،
خەقلەر جىن كەلدى دەپ كېتەر تىترىشىپ.
ئۆتكۈزدۈم كۈنلەرنى ئىچىمدە يىغلاپ،
بىرەر باھانە تاپالمىدىم شۇنچە تىرىشىپ.

چۆچەك ئېيتىدىغانلار رەھمەتلىك بولدى،
چىن تۆمۈرنى دورالمايمەن مەھەللە ئاتلاپ.
ئىشقتىن ۋۇجۇدۇم يارىغا تولدى،
يۈرمىگەن بىلەن دەردىمنى ھەممىگە دادلاپ.

بىر ھويلىغا ئاي قونۇپتۇ دەپ گەپ تاپسام،
دوستلىرىمنى ئېلىپ بارسام كۆرۈپ كېلىشكە.
شۇندا يورۇق دېرىزەڭگە قاراپ باقسام،
ساڭا باھانە بولارمۇ ماڭا كۈلۈشكە؟!

2012 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com


## ئالتۇن ئۇزۇك

قاشتېشىدەك قولۇڭنى بەرگىن،
چوكا ناۋاتتەك بارمىقىڭنى ئاچ.
سىلىپ قوياي ئالتۇن ئۇزۇكنى،
خۇشال بولۇپ ئىچ ـ ئىچىڭدىن،
گۈلدەك كۈلۈپ نازغىپ تۇرۇپ قاچ.

جانغا راھەت قوغلاش ھۇزۇرى،
بىر يەرلەرگە بېرىپ مۆكۈۋال.
تىپىۋالاي ئۇۋاڭ مەندە دەپ،
رايىشقىنە باغرىمنى ئېچىپ،
يۈرىكىمگە يىنىك قونۇۋال.

ئاچچىق ھاياجان، تاتلىق ئەلەمنىڭ،
جەۋھىرىنى يىغقان بۇ ئۈزۈك.
قوشسۇن كۆڭۈلنى كۆڭۈلگە،
نىشان ئۈچۈن تۇغۇلغان ئاسمان،
كۈلۈپ تۇرسۇن سەندەك سۆپسۆزۈك.

ئالتۇن ئۈزۈك قېتىدا تۇرۇپ،
تورلىرىنى توقۇسۇن تىلەك.
ئۇچۇپ چىقسۇن سامانيولىغا،
يۇلتۇز بولۇپ بىر جۈپ ئوت يۈرەك.

2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئوت پەسلى

ئون سەككىزغا كىرگەندىن باشلاپ،
ئوتلارغا ئوت يېقىپ ياشىدىم.
گۈلخان مېنى سۆيدى باغاشلاپ،
قىزىل چوغدىن قاسراق تاشلىدىم.

كۆيۈپ ـ كۆيۈپ ئۆچۈپ قالمىدىم،
ئوت بىخلىدى ئوتنىڭ ئىچىدە.
چاقماقلارنى مەھلىيا قىلدىم،
يالقۇن چېچىپ قارا كېچىدە.

سۇغا كىرسەم سۇ ئېرىپ كۆيدى،
مۇزتاغ كۆكسى كەتتى چاراسلاپ.
تاش سوۋۇغان لېۋىدە سۆيدى،
كۆك تەلپۈندى كۆزىنى ياشلاپ.

تەبىئەتتە پەسىل ئالماشتى،
ئۆخلىمىدى مەندە ئوت پەسلى.
كۆيمەي قانداق ئۆچۈپ قالدۇ،
تۇرسام ئەسلي مەن ئوتنىڭ نەسلى.

2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# جاڭگالدىكى غۇر - غۇر شامالّلار

جاڭگالدىكى غۇر - غۇر شامالّلار،
قانات كېرىپ ئۇچقان پەرىشتە.
ئۆزۈم تۇرغان بىلەن شورتاڭدا،
كۆڭلۈم پەرۋاز قىلدى ئەرشتە.

ئاق يانتاقنىڭ قارا مونچىقى،
ئوتقا تىقتى كۆزۈمنى ئۆرتەپ.
يۇلغۇنلاردىن تەپچىگەن شەپەق،
ماڭا ئوخشاش كۆيمەكتە تۇتەپ.

بوز كېپىككە ئايلانغان كۆڭلۈم،
قىيغىتماقتا ئەركىم كەينىدىن.
قەپەس بۇزۇپ يۇلقۇنۇپ چىقتىم،
مەن ئۆزۈمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن.

گۈپپىدە ھىد چاچقان ھەۋەسنىڭ،
قۇچاق ئېچىپ تۇستۇم ئالدىنى.
سىغدۇرۇپ بەر دىېدىم قەلبىمگە،
ياۋا پېتى تۇرغان دالانى.

تىنىق ئاپتاپ گېپىمنى ئاڭلاپ،
دۆۋىلەرگە تاشلىدى ئالتۇن.
ئۈچۈپ كەتتى ئىزتىراپ شۇ تاپ،
مەنمۇ يالقۇن، جاڭگالمۇ يالقۇن.

جاڭگالدىكى غۇر - غۇر شاماللار،
مېنى يېنىك قويماقتا يۆلەپ.
ئېغىز ئېچىپ تېنىم مىڭ يەردىن،
تەمبۇر كەبى تۇرماقتا ئۆنلەپ.

2012 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## سېنىڭ دەردىڭ

سېنىڭ دەردىڭ بىر ئوچاق،
ئوتى ئۆچۈپ باقمىغان.
سېنىڭ دەردىڭ بىر پىچاق،
سۆڭىكىمدە توختىغان.

سېنىڭ دەردىڭ بىر ئالۋۇن،
قاغجىراتقان لېۋىمنى.
سېنىڭ دەردىڭ بىر ئەپسۇن،
بەندىلەپ قويغان تىلىمنى.

سېنىڭ دەردىڭ ئالتۇن سۇ،
ئاققان يۈرەك ئۈستىدە.
سېنىڭ دەردىڭ بىر ئاھۇ،
قان يامىرىغان كۆكسىدە.

سېنىڭ دەردىڭ ئېگىز تاغ،
مەن كۆتۈرگەن تىمتاس يەر.
سېنىڭ دەردىڭ گۈزەل داغ،
ماڭا ھەمراھ بۇ سەھەر.

2012 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

## قەشقەر

ئارزۇ تېڭىدا قانات چىقىرىپ،
قوندۇم كۆكسىگە شەبنەمدەك ئېرىپ.

بىر ئۇلۇغ تىنىدى، بىر ئۇلۇغ تىنىدىم،
كىرپىكلىرىگە دۇر بولۇپ مىنىدىم.

يۈرىكىم بولدى كۈمۈش قوڭغۇراق،
جان ئۆزدى تەندە قىرىغان پىراق.

ئاقارغان خىيال گويا ئاق قۇببە،
قىزغىن ئۆتەڭگە ئايلاندى كۆلبە.

نۇر ئېقىپ تۇرغان كوچىدا مېڭىپ،
نۇرلاندىم، كەتتىم كوچىغا سىڭىپ.

ئۇ قالدى يىغلاپ، مەن ياندىم يىغلاپ،
كەلمەكتە بىر روھ بېشىمنى سىلاپ.

2012 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# نېسىپ بولسۇن

شۇبھىلەنمە بۈگۈن كېچىدىن،
يۇلتۇزلاردىن ئۈمىدنى ئۈگەن.
نىگاھىڭدا ئايىنى چۆچۈتۈپ،
ئۇخلا تاتلىق چۈشلىرىڭ بىلەن.
مۇيەسسەر بول خوراز ئۈنىگە،
تەڭ ئويغانسۇن ئۆيىدىكى ۋەتەن.

كۆزلىرىڭدە پارلىسۇن گۆھەر،
نىسىپ بولسۇن ساڭا تاڭ سەھەر.

ئايۋىنىڭغا قونغان قارلىغاچ،
دانلىماقچى پىشقان كۆڭلۈڭنى.
شىلدىر - شىلدىر ئاققان سۈزۈك سۇ،
ئاڭلىماقچى تەشنا ئۈنۈڭنى.
قىزىلگۈلنىڭ ھىدلىرى قىزغىن،
پۇرىغىلى كەلدى كۈنۈڭنى.

ھەممىسىگە بەر ئىمكان - پۇرسەت،
نېسىپ بولسۇن ساڭا كۆپ نۇسرەت.

كۆچەتلەرگە قاراپ ئۇھسىنما،
زورايسام دەپ ئۇمۇ ئالدىراش.
باشلار كۈندە باللىق چاغقا،
تىرىكلەرگە ياندىشىپ ياشاش.
ساغىنىلىپ بىر پۈتنى گۆرگە،
قىلىۋالما ئۆلۈمنى ھاپاش.

ئەستىن چىقسۇن تۇغۇلغان ئاي، كۈن،
نېسىپ بولسۇن نەچچە مىڭ بۈگۈن.

تالاي نەۋرە ـ تالاي چەۋرەڭنى،
قۇياشىم دەپ ئالغىن قۇچاققا.
قىلسا ئەگەر يارىماس قىلىق،
ھاساڭ بىلەن ئۇرغىن پاچاققا.
ئەتراپىڭدىن ھارارەت ئالسۇن،
سەن ئايلانغىن ئۆچمەس ئوچاققا.

تۇرسۇن كۆزۈڭ چىراغدەك يېنىق،
نېسىپ بولسۇن كۆكسۈڭگە تىنىق.

بۇ دۇنيانىڭ كۆرۈملىرىدە،
شادلىق بىلەن قايغۇ تەڭ ئۈلۈش.
كىملەرگىدۇر كىملەر ئارتاتتى،
مۇمكىن بولسا ھەسرەتنى بۆلۈش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مىدىرلاشلار، ئويلاش، ۋايساشلار،
بۇ كۈنلەرنىڭ سىرىقىن كۆرۈش.

قان قىلمىسۇن دىلنى پۇشايمان،
مەڭگۈ بىزگە بول ئەزىز مېھمان.

2012 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى



## شامال ۋە شائىر

جەرەندەك يالغۇزمەن بۇ ئاخشام،
تەرك ئەتكەن چۈشلەرمۇ مېنى.
تۈيۇلامدىكىن ھەممىگە راھەت،
قاناپ ياشىسا شائىرنىڭ جېنى؟

پەقەتلا يورۇق مېنىڭ دېرىزەم،
قاپقاراڭغۇدىكى ئاپپاق چېكىتتەك.
بىر نەرسىگە كۆيگىنىم ئۈچۈن،
پۇرايمەن گويا پىژ ـ پىژ جىگەردەك.

شامال يەنىلا مېنى ئۇنتۇماي،
تېپىۋالدۇ بەكمۇ ئاسانلا.
ماڭا يۈگىشەر يىپەك رومالدەك،
دېرىزەمنى بىر ئىچىپ قويسامىلا.

دالا ھىدىنى چېچىپ بىر نەپەس،
ئەركىلەپ ـ نازغىپ ماڭا قارايدۇ.
سۈكۈنات بىلەن تىركەشكەن بەتنى،
باھاردىن كەلگەن خەتكە ئورايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى



شامالمۇ ئەسلىدە مۇڭلۇق بىر شائىر،
ئالقىنىغا ئېپ قويغان جاننى.
بولدۇ مەندەك مۇرادى ھاسىل،
شېئىردەك تۈستە كۆرسە جاھاننى.

مەن شامالنى بەك ياخشى كۆرىمەن،
دەيمەن ئۇنىڭدەك دۇنيانى كەزسەم.
قالاتتى مەندە يەنە نە ئارمان،
ھۇۋۇلغان ئاسمانغا قوشۇلۇپ كەتسەم.

2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



## ئۇيغۇر قىزىغا

رەسىمىڭنى سىزماقچى بولدۇم،
يەنە قىلىپ كۆزۈمگە ئۇۋال.
چاچلىرىڭنى ئەسكە ئالغۇچە،
تۈن ئۆرۈلۈپ بولدى قىرىق تال.

قاشلىرىڭغا قەلەم چەككۈچە،
ئۇچۇپ كەلدى قارىداپ ھىلال.
كۆز ئورنىنى نىشانلىغۇچە،
چولپان قونۇپ چاقندى يال ـ يال.

تەگمەي تۇرۇپ لىۋىڭگە سۇرۇخ،
پورەك ئاچتى قىزىلگۈل قاندىن.
تىل ھەققىدە ئويلاپ بولغۇچە،
چاچراپ چىقتى مېغىز بادامدىن.

ئىپارخاننىڭ جىگدە ھىدلىرى،
يىلتىزلىدى تىننىقلىرىڭدا.
ئاسمان كۆيدى تەبەسسۇمۇڭدىن،
ئۆزدى دەريا قىلىقلىرىڭدا.

كىتاب تورپېكىتى ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەمدى بولسا لەيلىنىڭكىدەك،
ھىجرانلاردا پىشقان بىر يۈرەك.
مېنىڭ قىزغىن مەجنۇنلۇقۇمدىن،
ئاشىقلاردا كۆلەتتى تىلەك.

2012 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

# تۇنگە ئوخشاش قارا چاچ ئايىم

سالام، لوپنور مەن يەنە كەلدىم،
سېۋەتمگە قوشاق تەرگىلى.
ئاق بېلىقتەك ئاق مەلىكەمگە،
كۆلۈپ تۇرۇپ جاننى بەرگىلى.

تىللىرىدىن قىزىلگۈل تۆككەن،
ياۋا قىزلار قايسى خىلۋەتتە.
ئۇلار مەندىن قېچىۋاتقانچە،
بۆلۈي - بۆلۈي قان يۇتار دەردتە.

تۇنگە ئوخشاش قارا چاچ ئايىم،
يۇرەمدىكىن سۇدەك تولغىنىپ.
ۋىل - ۋىل كۆيۈپ تۇرۇۋاتامدۇ،
مەھەللىنىڭ چىرىغى يېنىپ.

بوز يىگىتنىڭ ئېتى تويدىمۇ،
نەم يەرلەردە ئۆسكەن قىياقتا؟
ئەمدى قۇرۇق قايتىپ كەتمەيمەن،
ئاچلانتقۇزماي تۇرۇپ پىراقتا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۇتى تۇتۇپ قالدى مەشرەپنىڭ،
كۆچۈرۈڭلار قوشاقتا مېنى.
مۇز ئاستىغا كۈن پاتقان كەبى،
باغرىم لىقلاپ ئالسۇن ھەممىنى.

2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى



## شام

مېنى يەنە تەنها قالدۇرۇپ،
ئۇچۇپ كەتتى نەگىدۇر ھىلال.
كىرپىكىمنى ھىجرانغا سالدى،
تۈندىن قانات تاقىغان خىيال.

مەن كۈندۈزدە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ،
تىك تۇرغاندەك كىچە ئالدىدا.
سىڭىپ كەتتى ئۈگە ـ ئۈگەمگە،
يۈرىكىمدىن سەمگەن سادا.

چاقماق چاقتى خورازنىڭ ئۈنى،
ئۆز ھىدىدا پۇرىدى شامال.
تىپىرلاشقا باشلىدى ئەتراپ،
قۇش كۆرگەن چۈش يېرىم ئېھتىمال.

قارا قاسراق تاشلىدى ئۇپۇق،
قالدى روجەك سۇسقىنە يېنىپ.
شام يىغلىدى مۆلدۈر بۇلاقتەك،
ئۇ يورۇقتىن قالدى قىزغىنىپ ...

2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئاسماننى كۆزۈم يوقاتتى

ئالدى مېنى سېنىڭ ئىسكەنجەڭ،
بۇزۇپ قويدۇم قايسى يوسۇننى؟
يىلتىزىم كېسىلدى سېنىڭ بىسىڭدا،
ئوتۇڭغا تاشلىدىڭ قۇرۇق ئوتۇننى.

بۇزۇپ قويدۇم قايسى يوسۇننى،
نېمىگە قاقىلىنىپ، نېمىدىن قاچتىم؟
ئۆزۈمدىن چىقىپ، ئۆزۈمگە قايتىپ،
مەغرۇر ئازابىڭغا ئۇدۇل ئۇلاشتىم.

يىلتىزىم كېسىلدى سېنىڭ بىسىڭدا،
تۇيغۇ دولقۇنى تاش بولۇپ قاتتى.
سوغۇق نىگاھلاردىن تىترىدى تېنىم،
بىر سۆزۈك ئاسماننى كۆزۈم يوقاتتى.

ئوتۇڭغا تاشلىدىڭ قۇرۇق ئوتۇننى،
چوغلىرىڭ قېنىمدەك قىزىل ئېچىلدى.
ئېچىمدە ئېچىمگە ئېچىم ئېچىنىپ،
روھىمغا يېشىمدىن شەبنەم چېچىلدى.

2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# ئۆرتىنەر

چېچەكنىز ئىككى تەرەپتە يەلپۈنەر،
ئىككى ئالەم سىزگە ئوتلۇق تەلپۈنەر.

قاپقارا تۈنگە تويۇنغان كۆك يۈزى،
ئاي بىلەن تەڭ ھۆسنىڭىزدە ئۆرتىنەر.

بىر ئۇزاق يول ئاستىدا قالدى دىلىم،
ھەر نەپەستە چەرخ ئۇرۇپ مىڭ سىلكىنەر.

يۈزىڭىزدە سۇ يۇيۇنماق ئىستىسە،
نەچچە دەريا ئاھ ئۇرۇپ ئۆركەشلىنەر.

چۈشلىرىمنى ئەسلىسەم ھەر سۈبھىدە،
كۆزلىرىم ئاسماندا يۇلتۇز تۈنەر.

يۈرىكىمگە مۇز تېگىپ ئۆلگۈرمىدىم،
چوغ بولۇپ مۇز قېتىدا يالقۇن ئۈنەر.

2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئەكس سادا

كېچە ئاسمان قارلىق تاشلىدى،
ئاق بولۇتقا ئايلاندى باغلار.
دېرىزەمگە ئۆزىنى ئۇرۇپ،
ياندى سانسىز ئاپپاق چىراغلار.

قارلىقنامە چۈشۈپ ئېسىمگە،
كىملەرگىدۇر بولدۇم يوللىماق.
باللىقىم چېچىلغان يولنى،
تەس كەلدى بەك تېپىش - تونۇماق.

كۆزلىرىمنى بىر يۇمۇپ ئاچتىم،
تاڭ بالقىدى تومۇرلىرىمدا.
بولۇتلارنى ئۆركۈتتى كۆكتىن،
مەندەك يانغان بىر ئەكس سادا.

ئەكس سادا، ئەي ئەكس سادا،
كەلمەس سەندەك ھېچنېمە قايتىپ.
كۆزلىرىمنىڭ ئېقىنلىرىنى،
قويدۇڭ يەنە سەلدەك ئۇلغايتىپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



مەن پۈركۈگەن ئاھ، ئاھلىرىمدىن،
نېمە قۇرۇپ، نېمە ئۈنگەندۇر؟
چېچەك بولسا باھاردا بىر رەت،
سەندىن ئۆزگە كىملەر بىلگەندۇر؟

ئەكس سادا، ئەي ئەكس سادا،
مەندىن قارلىق تاشلا ئاسمانغا.
مەڭزىگە سىز قىپقىزىل چېچەك،
كۆز ياشلىرىم ئايلاندى قانغا.

2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى



## جاھاندىكى ئەڭ

شۈبھىسىزكى مېنىڭ باغرىمدا،
جاھاندىكى ئەڭ قېلىن ئورمان.
تېنىم تاپماي كۆيۈۋاتقىلى
بولدى راستلا بىرنەچچە زامان.

شۈبھىسىزكى مېنىڭ قەلبىمدە،
جاھاندىكى ئەڭ چوڭقۇر ئويمان.
قانغىنىنى بىلدۈرمىدى ھېچ،
تىنىسمۇ گەر ياخشى ۋە يامان.

شۈبھىسىزكى مېنىڭ كۆزۈمدە،
جاھاندىكى ئەڭ بۈيۈك ئاسمان.
كىرپىكنى قېقىپ باقمىدى،
سانجاق يۇلتۇز بولسىمۇ باسقان.

شۈبھىسىزكى مېنىڭ كۆڭلۈمدە،
جاھاندىكى ئەڭ چىگىچ گۇمان.
شۇڭا كەچتە لەھەتكە بېرىپ،
تاڭ سەھەردە تىرىلدۇ جان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۈبھىسىزكى مەن بۇ دۇنيادا،
ئەڭ ـ ئەڭلەرنىڭ بۈيۈك قامۇسى.
بېسقمايدۇ بار ھۆجەيرەمدە،
ئەڭ بولۇشنىڭ بۈيۈك غەلۋسى.

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى



## ئېقىۋاتقان ئوت

سۇ زۇمرەت ئوت بولمسا،
تېگىدىن يورۇرمىدى؟
كۆكنى تاشلاپ يۇلتۇزلار،
دەرياغا قونارمىدى؟

چاپچىپ تۇرغان دولقۇنلار،
گويا قەقنۇس قانىتى.
چاچراپ تۇرغان بۇژغۇنلار،
كۆيۈكنىڭ تاش قەۋىتى.

دەريادىكى قىزىل چوغ،
يېنىپ تۇرغان بېلىقلار.
يورۇپ تۇرغان قاشتېشى،
بېلىق چاچقان تىنىقلار.

مەن سۇ ئەمەس ئوت ئىچتىم،
دۇم يېتىپ ھەم ئوچۇملاپ.
شامال كەلدى ئىزغىرىن،
ئوتقا تاتلىق پىچىرلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قارلىغاچنىڭ قانىتى،
ئوتتا تىغدەك چاقىلاندى.
بۇلۇتلارنىڭ كۆكرىكى،
ئوتقا قونۇپ پاكلاندى.

ئىككىلەنمەي دەرياغا،
مەن ئۆزۈمنى تاشلىدىم.
يېڭىلانسۇن دەپ ئازاب،
يۈرەككە ئوت باشلىدىم.

2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

# يامغۇر تىلەش

1

كۆككە يەتسۇن مۇناجاتلىرىم،
يۈرىكىمنى ئاتاپ قىلاي قان.
ماڭا قاراپ يىغلا بۇلۇتلار،
قۇرۇپ كېتەي دېدى بۇ جاھان.

ئىككىمىزنىڭ يېشىغا قانسۇن،
شىرشىم بولۇپ قۇرۇغان يىلتىز.
يەرگە بېقىپ، كۆككە تەلپۈنۈپ،
چاك ـ چېكىدىن يېرىلدى ئېتىز.

2

ئاي يەردىكى ئاسماننى تىرىپ،
كۈن تىرەكتە سالقىنلىماقچى.
بۇغداي ئالتۇن تۇيغۇغا تولۇپ،
ئالما سىرلىق يالقۇنلىماقچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۆڭلى يېرىم قۇشقاچ، تورغاينىڭ،
ھەممە يەرنىڭ رەڭگى زەپىران.
چاڭقاق باستى كاككۇك ئۈنىنى،
باھار ئۆكسۈپ كەلگەندىن بۇيان.

3

ئۇلۇش يىلى بوراندا قالدۇق،
ئۆتكەن يىلى قالدۇق قىياندا.
كۆيۈپ كەتتى يايپېشىل ئۈمىد،
ھەممە كۆڭۈل قالدى ئارماندا.

مېنىڭ بىلەن ئۇچار قاناتنىڭ،
نېمىسى بار ئېتىزدىن باشقا؟
كىملەر ئېرەن قىلىپ ئۆرتىنەر،
كەپتەر كۆزى لىق تولسا ياشقا.

4

رىزقىمىز ئۈنسىمۇ تاشتىن،
پاك غۇرۇر پاك قالسۇن پاك تەندە.
بىز خارلىقنى تەرك ئېتەيلى،
ئېتىز دېگەن ئەزىز ۋەتەندە.

يۈرىكىمنى ئاتاپ قىلاي قان،
ماڭا يىغلاپ بەرگىن بۇلۇتلار.
سېنىڭ يېشىڭ تەڭرى رەھمىتى،
بۇ زېمىنغا چېچىلسۇن قۇتلار.

2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# خىيال

دۇنيانىڭ نېمىسى كەتكەن ئەسكىرەپ،
بىز بۈگۈن نېمىدە قويدۇق يىغلاپ؟
كىم تۇردى قولىدا ئاسماننى تىرەپ،
قويدۇق بىز نېمىنى نېمىگە ئۇلاپ؟

دۇنيانىڭ نېمىسى كەتكەن بۇزۇلۇپ،
بىز بۈگۈن نېمىدە قويدۇق تۈزىتىپ؟
زامانلار دەريادەك ئاقار سوزۇلۇپ،
كىم ئۇلار دىلىنى بىلدى كۆزىتىپ؟

دۇنيانى قۇتقۇزۇپ كىمنىڭ قولىدىن،
كىملەرگە تۇتقۇزدۇق بىز قىلىپ ئازات؟
ئادەملەر ياندىمۇ غېرىچ يولىدىن،
بۇ دۇنيا بىزلەرگە قىلدىمۇ غازات؟

تارىخنى ئىنتىرىپ كونا قۇدۇققا،
ئۆزىمىز ھەممىنى قىلدۇق سۈيۈرغال.
لەكمىڭلاپ ئىسمىنى چىقىرىپ يوققا،
قەدىمنىڭ قەلبىگە قىلدۇق كۆپ ئۇۋال.

بۇ دۇنيا ئەسلىدە قىسمەت داۋىنى،
كېلىدۇ ئەتىلا بىزنى نىشانلاپ.
يوللاردىن ئۆتكەندە ئەۋلاد كارۋىنى،
قالمىسا بولاتتى بوراندەك يىغلاپ.

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## سېغىنىشتۇرما

بۇلۇت قوندى تاغقا بىمالال،
ئەركىلەتتى ئاسماننى ھىلال.
مەن ئاخىرقى تەنھا ئادەممۇ،
بىر بېشىمدا مىڭ چىگىچ خىيال؟

ئوت ئوتنى تاپتى كۆيۈشتى،
سۇ سۇينى قاتتى قېنىشتى.
مېنىڭ روھىم ئۆلگەن ئادەممۇ،
نېچۈن ماڭا ھىجران تىنىشتى؟

يەكلىمدى تۇپراقنى تۇپراق،
گۈللەر گۈلدىن تاپتى خۇش پۇراق.
مەن ئازابتىن ئۈنگەن ئادەممۇ،
يۈرىكىمدە بەش پاتمان پىراق؟

قۇش يۈرىكى قوش بولۇپ ئۇچتى،
شاخقا مېھىر شامالدىن كۆچتى.
مەن ھەسرەتكە كۆنگەن ئادەممۇ،
نېچۈن مېنىڭ رىزىقىم ئۆچتى؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۆز قىنىدا ئاقماقتا دەريا،
بۇركۈتتىن قۇت تاپماقتا قىيا.
مەن تۈنلەرگە چۆمگەن ئادەممۇ،
ئۇ نېمشقا چاچمايدۇ زىيا؟ ...

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى



## ئوت ئىچىدە

مەن تەلپۈنسەم ساڭا تەلپۈندۈم،
ئىزلىرىڭنى ئىزلاپ يۈگۈندۈم.
يولدا تىكەن قىينىمغا قاندى،
ياشلىرىمدا ياقۇتلار ياندى،
ئوت ئىچىدە ئۆتتەك يەلپۈندۈم.

ئۆزۈك ئوچۇق، دېرىزەڭ تاقاق،
ئۆز - ئۆزۈڭگە بولغانسەن چىراق.
بەلكى سەندىن زېرىكتى ئەدەپ،
تاقەت قېتىپ بولدى بىر سەدەپ،
بۇلۇت بولۇپ لەيلىدى يىراق.

هويلاڭغا لىق تولغان ئىزتىراپ،
قۇشتەك ئاستا كەتمەكتە تاراپ.
ئۇزاپ ئاسمان تەرەپكە جۈپ قول،
يەر تېگىگە كىرىپ كەتتى يول،
بولدى نېمە ئاردا خاراب؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېرەك ئەمەس خەنجەر ۋە قىلىچ،
ئىككى دۇنيا ئارىسى غېرىچ.
چۈشلىرىڭگە ئايان بولىمەن،
يۈرىكىڭدە چايان بولىمەن،
قۇشقا ئوخشاش ئۆلۈپ تىپتىنىچ.

2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى



## سەن بىلمىدىڭ

چېچىڭنى پۇراي دېگەن شامالنى،
قېشىڭغا قوناي دېگەن ھىلالنى،
ئويۇڭنى ئويلاي دېگەن خىيالنى،
سەن بىلمىدىڭ، سەن بىلمىدىڭ.

ساڭىلا تاماي دېگەن شەبنەمنى،
كۆكسۈڭنى پاكلاي دېگەن ئەلەمنى،
روھىڭنى ساقلاي دېگەن نالەمنى،
سەن بىلمىدىڭ، سەن بىلمىدىڭ!

كۆڭلۈڭنى ئىزدەپ كەلگەن دىرەكنى،
ئاسماننى تۇتاي دېگەن تىلەكنى،
قان بىلەن يۇتاي دېگەن يۈرەكنى،
سەن بىلمىدىڭ، سەن بىلمىدىڭ.

ئۈستۈڭدە يېنىپ تۇرغان چىقنىنى،
يىراقتىن قاراپ تۇرغان يېقىننى،
باغرىمدا كۆيۈپ ئاققان ئېقىننى،
سەن بىلمىدىڭ، سەن بىلمىدىڭ!

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قايتىش

باھار يەنە كېلىپ چېچەكلەر تۆكۈپ،
ئاسمان تەبەسسۇمدا باقار دالاغا.
يىراقتىن سۇ سۈنى ھىدلاپ كېلىدۇ،
ئېرىقلار ئايلىنار ئۇماق بالىغا.

جىملىقنىڭ رەڭگىگە تويۇنغان چىمدىن،
ئالتۇن رەڭ چاڭگىنى ياسايدۇ قۇشلار.
سەمرىگەن سايىلەر تۇرار ئايلىنىپ،
زېمىندىن ئاڭلىنار يۈرەك سوقۇشلار.

مەن تۆكۈپ كېلىمەن بىر چىغىر يولغا،
سۆزلەرنى دىلىمنىڭ شەكلىدە ئويۇپ.
كەچتىكى كەپتەردەك ئۆيگە قايتىمەن،
روھىمنى دەرەخكە يوشۇرۇپ قويۇپ.

باھار يەنە كېلىپ چېچەك تۆكىدۇ،
ھەممە ئويغىنىدۇ تىۋىشنى تۇيۇپ.
ئاسمانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ قەلبىم،
تىلىكىم دەريادەك كېتەر ئۇلغىيىپ.

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# قىينالدىم

قىيىندىڭ، قىينالدىم، قىيناقلىرىڭدا
زۇلپىقار قۇترىدى زىنىخلىرىڭدا.
تاۋلىدىڭ تاۋلاندىم يۈرىكىم قاپتەك،
ئىچىمنى ئۆرتىگەن سىناقلىرىڭدا.

2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئوتقا يېغىۋاتقان قار

ئوتنىڭ باغرىدىن شېرىن چۈش ئىزدەپ،
ئۇچقۇنلاپ ئۆزىنى ئاتتى پەرۋانە.
ئوتقا يېغىۋاتقان قار:
يىغلاشنى ئۆگىنەي دېدىڭمۇ سەنمۇ،
ئوت كىرپىكىدە بولۇپ دۇردانە.

كۆككە تەلپۈنگەن ئۇنىڭ كۆزلىرى —
چاڭقاقتا قالغان چوغنىڭ نالىسى.
ئوتقا يېغىۋاتقان قار:
ئوتنى ئويلاپ قالدىڭمۇ مىسلى،
قىزىل ئېچىلغان تاغنىڭ لالىسى.

نەقەدەر تەملىك سۆيۈملۈك ئېزىش،
ئۇنىڭ ھەر قەدىمى سۆيگۈ ئۇرۇقى.
ئوتقا يېغىۋاتقان قار:
ئەگەر بولمىسا ئۆزىدىن ھالقىش،
ئوتقا چۈشەمدۇ ئوتنىڭ يورۇقى.

گەز باغلىدى مېنىڭ لېۋىمنى،
نەمدەيمەن ئەمدى سەدپارە ئوتتا.
ئوتقا يېغىۋاتقان قار:
قۇتتىن بالاغەت تاپار بۇلۇتتۇك،
قۇياشقا ئۇسسۇزلۇق بولسا ئۇپۇقتا.

ئىنتىلىش نىقابقا ئورالغان كۆيۈك،
ئۇ ئالار تامچىدىن دېڭىز بەھرىنى.
ئوتقا يېغىۋاتقان قار:
بەلكى ئوت تاپتى سەندىن سائادەت،
سەن قېنىپ ئىچكىن ئۇنىڭ قەھرىنى.

2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



## شەپە

مېنى ئەمدى كىمدىن سورايتتىڭ؟
ئىگىرىلغان دۇتارنىڭ تارىسىدىمەن،
يالقۇنلۇق كۆيۈكنىڭ نالىسىدىمەن.

مېنى ئەمدى نەدىن ئىزدەيتتىڭ؟
سەدپارە يۈرەكنىڭ پارىسىدىمەن،
ئوت ئەدەپ كۆكلىگەن يارىسىدىمەن.

مېنى ئىزدەپ نەگە قارايتتىڭ؟
كۆزۈڭنىڭ تاڭ ئاتماس قارىسىدىمەن،
يۇلتۇزلار چۈش كۆرگەن دالاسىدىمەن.

مېنى ئەمدى نەدىن تاپاتتىڭ؟
قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىمەن،
يىقىلغان دۇنيانىڭ دالدىسىدىمەن.

2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

## يالغۇز ئېكەنمەن

سېنى تاشلاپ كەتكەندەك قىلغان،
ئەمدى بىلسەم
كېتىپتىمەن ئۆزۈمنى تاشلاپ.
قالدىم دېسەم
ئۇچۇۋاتقان قۇشتەك يېنىكلەپ،
ئالدىمغا چىقتى
ئەلەملىرىڭ بىر تاغنى باشلاپ.
سەندىن قانچە يىراقلىغانچە
دەردىڭ بىلەن
كەپسەن ماڭا شۇنچە يېقىنلاپ.
چىللە كۈنى
ھەسرىتىمگە كىرىپ قايتا جان،
مېنى ئوراپتۇ
چۆلدە چۆلدەك چۆلدەرەپ يىغلاپ.
يالغۇزكەنمەن
مېنى تاشلاپ كېتىپسەن ئەسلى،
نەدىن تاپاي ئۆزۈمنى ئىزدەپ.
باشقا بېرىپ
كەچمىشلەرنى ئويغىتاي بىر ـ بىر،
ئېزىقىپ باققان
بوتىلاقىنىڭ تىلىدا سۆزلەپ.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مەن ئانامنىڭ كۆزىدە

مەن ئانامنىڭ كۆزىدە،
تېخى نۆۋەر، شوخ بالا.
مەن ئانامنىڭ سۆزىدە،
چەكسىز كەتكەن بىر دالا.

مەن ئانامنىڭ لېۋىدە،
كۈلۈپ تۇرغان قىزىلگۈل.
مەن ئانامنىڭ چېھرىدە،
پايانى يوق ئايدىڭكۆل.

مەن ئانامنىڭ بويىدا،
تاۋلانغان چوغ يۈرىكى.
مەن ئانامنىڭ ئويىدا،
بۇ دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى.

مەن ئانامنىڭ تىلىدا،
تەڭدىشى يوق تاتلىق سۆز.
مەن ئانامنىڭ دىلىدا،
يېنىپ تۇرغان قارا كۆز.

مەن ئانامنىڭ يېنىدا،
قاتىلمەن شەيتاننىڭ.
مەن ئانامنىڭ جېنىدا،
ئۇچقىمەن ۋىجداننىڭ.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېچكى ئادرېسى



# مېنى كۆرگەندەك

چايكىنىڭ سايىسى چۈشكەن بېلىقنى،
سۇ چۈشەپ ئۇخلىغان قورۇق ئېرىقنى،
ساماندىن تالالانغان سەرخىل سېرىقنى،
ئېتىزدا قورۇلۇپ بولغان تېرىقنى،
كۆرگەندە بولغايسەن مېنى كۆرگەندەك.

كۆل بىلەن گۈلەخقە تاشلانغان چوغنى،
دەرۋىشلەر مازارغا تىكلىگەن تۇغنى،
ساماۋەر تېگىگە تىنىشقان دۇغنى،
قىزىلگۈل قېنىدىن تامغان سۇرۇخنى،
كۆرگەندە بولغايسەن مېنى كۆرگەندەك.

گۈلگە گۈل تۆۋىدە باققان خازاننى،
شولىغا يامىشىپ تۇرغان تۇزاننى،
تەكتىدە ئوت كۆيگەن قورۇق قازاننى،
كەتمەن ئۇۋىسىنى بۇزغان سازاڭنى،
كۆرگەندە بولغايسەن مېنى كۆرگەندەك.

قاڭتىرىپ قويۇلغان تەنھا كېمىنى،
باغۋىنى كۆز يۇمغان باغنىڭ تېمىنى،
قار ياغقان پەيتتىكى قۇشنىڭ غېمىنى،
ئازابتىن تولغانغان نۇرغۇن نېمىنى …
كۆرگەندە بولغايسەن مېنى كۆرگەندەك.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# بەختىيارلىق

قۇش بىلەن قۇش بىر شاختا ئولتۇرسا،
قۇش بىلەن قۇش سىلىشماس كولپەت،
قۇش بىلەن قۇش چىچىشار نۇسرەت،
نېمىدېگەن بەختىيارلىق بۇ!

سۇ بىلەن سۇ تالاشماس ئېقىن،
سۇ بىلەن سۇ سىپىشەر سالقىن،
سۇ بىلەن سۇ ھەممىدىن يېقىن،
نېمىدېگەن بەختىيارلىق بۇ!

قار بىلەن قار يەردە كۆرۈشەر،
قار بىلەن قار قېنىپ سۆيۈشەر.
قار بىلەن قار يېنىپ كۆيۈشەر،
نېمىدېگەن بەختىيارلىق بۇ!

تاش بىلەن تاش ئەسلىدىن ئاداش،
تاش بىلەن تاش سوقۇشتۇرماس باش،
تاش بىلەن تاش تۆكۈشمەيدۇ ياش،
نېمىدېگەن بەختىيارلىق بۇ!

يول بىلەن يول ئىزدەشمەس يامان،
يول بىلەن يول ھالقىيدۇ داۋان،
يول بىلەن يول قوشۇلار ھامان،
نېمدېگەن بەختىيارلىق بۇ!

گۈل بىلەن گۈل تالاشماس پۇراق،
گۈل بىلەن گۈل قىلىشماس سوراق،
گۈل بىلەن گۈل تەڭ تارتار پىراق،
نېمدېگەن بەختىيارلىق بۇ!

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com



# ئاسمان سەندە بىر ئاسمان بولسا

ئاسمان سەندىن تۆكۈلسە يامغۇر،
تۆكۈلىدۇ مەندىن كۆز يېشى.
يامغۇر ياغسا يامغۇر پەسلىدە،
كۆزۈم ياشىنىڭ ھەردەم دىلكىشى.

ئاسمان سەندە بىر ئاسمان بولسا،
بىر مېنىڭدە بار ئىككى ئالەم.
تۇندە ئۇچقان نۇردىنمۇ چاپسان،
بىر ـ بىرىگە ئاشىنار نالەم.

ئاسمان بۇلۇت نەپىسلىك بولسا،
بىر تىنىقىم مىلىڭ بۇلۇت تۇغار.
نەپرىتىڭدىن سوقۇلسا قىلىچ،
غۇرۇرۇمنىڭ سۇيىدە سۇغار.

ئاسمان ماڭا زەن سېلىپ قارا،
ئۇچۇپ كەتكەن پارچىسەن تەندىن.
كۇندە كۆپكۆك قانات چىقىرىپ،
يېڭى ئاسمان ئۆرلەيدۇ مەندىن.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## چوغ تەم

ئىككى كۆزۈك
ئىككى دەريا
ئوت كۆيۈپ ئاققان.
ئىككى قېشىڭ
ئىككى خەنجەر
كۆڭسۈمگە پاتقان.
ئىككى مەڭزىڭ كۆك
بېهشىنىڭ
تاڭلىرى ئاتقان.
مەن خىيالدا
ئاسىي ـ جاپىي
خىسلەت يوقاتقان.

ئىچ ئاغرىتىپ
ياش تۆكمەكتە
جىنىم جىنىمغا.
ئازابلىرىڭ
يالقۇن چاچتى
قايناق قېنىمغا.

غەمدىن بۆلەك
ھېچكىم كەلمەس
مېنىڭ يېنىمغا.

تەڭرى ساڭا
بەرگەنمىدى
ئىككى ئالەمنى؟
قايسىسىغا
ئەمدى قانداق
ئالاي قەدەمنى.
كىملەر كۈلۈپ
كىملەر يىغلار
ئاڭلاپ نالەمنى.

ئىككى ئالەم
ئارىلىقى
ئىككى قەدەممىش.
ئۇياق - بۇياق
بولمىغاننىڭ
كۈنى ئەلەممىش.
قايسىسىدا
سەن بولمىساڭ
كۈنلەر
چوغ تەممىش!

2012 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## يۈرەك تىۋىشى

يۈرەكنىڭ تىۋىشى سۆزگە ئايلانسۇن،
بىر سۆزنىڭ مەنىسى يۈزگە ئايلانسۇن.
زۇمرەتتەك كۆل بولغىن ئاسمان يۇيۇنغان،
ۋۇجۇدۇم يۇلتۇزدەك كۆزگە ئايلانسۇن.

2012 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى



## ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە

گۈل تۈۋىدە يىغلاپ ئازابلىق،
گۈل باغرىنى قارا قىلغۇم يوق.
قۇشقا سۆزلەپ دەردىمنى تاتلىق،
يۈرىكىنى يارا قىلغۇم يوق.

سۇنىڭ غېمى يېتەر ئۆزىگە،
ئاچچىق ياشنى سىم ـ سىم تۆككۈم يوق.
قاراپ تۈننىڭ قارا كۆزىگە،
قارىسىغا تېرەن چۆككۈم يوق.

ئۆزۈم ئۈچۈن سىزىپ خەرىتە،
ھەممە يەرنى پىنھان قىلغۇم يوق.
بىر ئۆزۈمگە ئىچىمدە سۆزلەپ،
دىلنى غەمدە مېھمان قىلغۇم يوق.

سەۋرىم ھەرگىز ئۆزۈمدىن تاشما،
كىملەرگىدۇر قىسمەت بولغۇم يوق.
تەقدىر ـ ئەزەل مېنىڭدىن قاچما،
ساڭا قانماي مېنىڭ ئۆلگۈم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ھەممە نەرسە ئۆز پېتى كېلىپ،
ئۆز پېتىدە ئۇزاتسۇن مېنى.
كەتسىمۇ گەر جاھان يۆتكىلىپ،
قەلبىم بولسۇن قىسمەت ۋەتنى.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى



## كەپتەرۋاز

پۇرقىراپ ئۇچتى كەپتەرلەر كۆككە،
كەڭلىكنىڭ كۈيىنى ئاڭلاپ كەلگىلى.
ياۋا ئەترگۈلدەك قىزىرىپ پىشقان،
تاڭنىڭ يۈرىكىنى دانلاپ كەلگىلى.

كەپتەرنىڭ كۆزىدەك خۇمارى ئوىناق،
كەپتەرۋاز تىننىدۇ شامال نەپەستە.
جەننەت شولىسىدىن قاناتلانغان دىل،
يەر بىلەن ئاسماننى چاتار ھەۋەستە.

ئەقدە تېغىنى كۆتۈرگەن ئۇۋا،
كەپتەردىن پۇرايدۇ كۆكنىڭ ھىدىنى.
كەپتەرۋاز يۈرىكى ئۇۋىلىپ تۇرار،
بولۇپ كەپتەرلەرنىڭ ئۇچ ۋاقلىق دىنى.

ئەنە گەردەن يىپەك، ئالا موللاقچى ...
كىرىشتى بىر ـ بىرلەپ ئايۋانغا شۇڭغۇپ.
يېتىشتى ھۇزۇرنىڭ يۈكسەكلىرىگە،
ھەممىسى ئۆزىنىڭ بەختىگە قونۇپ.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتاپ
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## تۈن لىرىكىسى

تۈن بولمىسا يوق ئايدا سۈلكەت،
ئاسمان گويا چۆلدەك قۇپقۇرۇق.
سامانيولى قارا بەلباغدەك،
ئاي پارلىماس بۇنچە يوپيورۇق.

تۈن بولمىسا قۇشنىڭ ئاۋازى،
ئاڭلانمايدۇ يىراققا مۇڭلۇق.
ئاق ناۋاتتەك سەھەرنىڭ شەرھى،
بولالمايدۇ كۈندە توپتولۇق.

تۈن بولمىسا چىراغ يورۇقى،
بىرەلمەيدۇ يالقۇن مېھرىنى.
گۈل بىلەن گۈل پىنھان قېتىدا،
بىر ـ بىرىگە تۆكمەس سىرىنى.

تۈن بولمىسا ھەر كۈنى خوراز،
چىللار چوقۇم مەلئۇن ئۈندە.
ھەممە نەرسە پىشىپ چىقىدۇ،
قاپقاراڭغۇ تۈننىڭ ئۆيىدە.

تۆن بولمسا سۆڭگۆچ تۆۋدە،
ئەندكمەستن كۆتەمتم سېنى.
مەھەللنى لەرزگە سېلپ،
شۇنچە تاتلق سۆيەمتڭ مېنى.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## كۆيۈپ تۇرغان دەرەخ

كۆيۈپ تۇرغان دەرەخنىڭ،
ئوتى يېشىل يوپۇرماق.
شامال كېلىپ ئىسسىنىپ،
كېتىدۇ يىراق ـ يىراق.

جىم ـ جىمغىنە سۇ كېلىپ،
تېگىگە ئوت قالايدۇ.
ئايدىڭ كەچتە ياپراقلار،
ئوت ئۈندە يايرايدۇ.

كۆز پەسلىدە ئوت پىشىپ،
ئالتۇن بولۇپ قاتىدۇ.
شاخ تەكتىدە تەلپۈنۈپ،
بىر تۈيغۇدا ياندۇ.

يازدا كېلىپ تۆۋىگە،
قۇرۇتمەن تەرىمنى.
قىسمەتتىن دەرس سۆزلەيمەن،
ئۇندىن ئېلىپ تەلىمنى.

كۆيۈپ تۇرغان دەرەخنىڭ،
ماڭا ئوخشاش پىراقى.
ئەسلىتىدۇ ھاياتنى،
ئوتنىڭ ھەر خىل سىياقى.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## قۇياشنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە

قۇياشنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە،
بەلكى باردۇر بىز توغرۇلۇق گەپ.
نېسىپ بولسا كۆرۈشكە ئۇنى،
بىرىمىز توگىمىز، بىرىمىز تەرلەپ.

قۇياشنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە،
بەلكى يېزىلغان شادلىق ۋە ھەسرەت.
بۇ دۇنيا ئەزەلدىن شۇنداق ئايلانغان،
نۇسرەتنىڭ كەينىگە ئۇلىشىپ قىسمەت.

قۇياشنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە،
بەلكى باردۇر ساناقسىز ئاق بەت.
ئۇنى چىرايلىق تولدۇرايلى بىز،
كېلەچەككە يېزىپ سالام خەت.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

## گۈللەر

كۆزى يوق دەر سېنى دىل كور بىركىملەر،
مېنى روشەن كۆرۈپ تۇرسەن گۈللەر.

خۇش تەبەسسۇمدا ماڭا قارايسەن،
مېنىڭدىن ئاشۇرۇپ مېنى پۇرايسەن.

رەڭلىرىڭنى ئالغان سەن مېنىڭ قېنىمدىن،
مەن جېنىمغا جان ئالغانمەن روھىڭدىن.

تاك سەھەردە مۆلدۈر ياشلىرىڭ سىرغىپ،
مەندەك ئۆز - ئۆزۈڭگە كېتىدۇ سىڭىپ.

بىر ئۆزۈم بىلمەن سېنىڭ سىرىڭنى،
بىر ئۆزۈڭ بىلسەن مېنىڭ دىلىمنى.

2012 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# نىسپىلىك

دەريانىڭ ئۈستىدە لەيلىگەن تۇمان،
گەر بولسا بىلىقتىن تارىغان ھىجران.
مەن ئۇنى  مېنىڭدىن بەختىيار دەيتتىم،
ئەسلىدە دەرد بىلەن تولغانكەن جاھان.

2012 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئەگەر سۇدەك ياشاي دېسەڭ

ئەگەر سۇدەك ياشاي دېسەڭ،
ئىچ ـ ئىچىڭدىن يورۇپ تۇر.
مەيلى تاپقىن ـ تاپما رىغبەت،
ھەرقاچان مەۋج ئۇرۇپ تۇر.

ئەگەر سۇدەك ياشاي دېسەڭ،
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى يۇيۇپ تۇر.
كۆك بىلەن يەر تىلىكىدە،
نېمىلەر بار تۇيۇپ تۇر.

ئەگەر سۇدەك ياشاي دېسەڭ،
ئۇپۇق ئىزدەپ ئۈزۈپ تۇر.
ساڭا قونغان كۆك ئاسماندىن،
يۇلتۇزلارنى سۈزۈپ تۇر.

ئەگەر سۇدەك ياشاي دېسەڭ،
چۈشۈڭدە كۆر يىراقنى.
ھەممە يەرگە چېچۋەتكىن،
ئەڭ مۇقەددەس پىراقنى.

ئەگەر سۇدەك ياشاي دېسەڭ،
ئايلان چوڭقۇر ئەينەككە.
بۇ دۇنيانىڭ سۆيگۈسىدىن،
شولا چاچ ھەر يۈرەككە.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئۇ بىر خەنجەر

ئۇ بىر خەنجەر كۆكسۈمگە پاتقان،
مەن سۇغۇرۇپ تاشلىيالمايمەن.
بىسىدا قان تامچىلاپ ئاققان،
مەن بۇ ھالىسىز ياشىيالمايمەن.

ئۇ بىر خەنجەر كۆكسۈمگە پاتقان،
ئاڭا كۆنۈپ قالغان ۋۇجۇدۇم.
بۇ دەردنى بىر مەن ئەمەس تارتقان،
ئادەمئاتا ھاۋادىن ئۇدۇم.

ئۇ بىر خەنجەر كۆكسۈمگە پاتقان،
كېتەلمەيدۇ مەندىن يۇلقۇنۇپ.
ياشايدۇ ھەم دەريادەك ئاققان،
دەردىم بىلەن بىللە تولغىنىپ.

ئۇ بىر خەنجەر كۆكسۈمگە پاتقان،
بولۇر ماڭا مەڭگۈ تەۋەررۈك.
تەقدىر ماڭا ئۇدۇللاپ ئاتقان،
ئۇنىڭ بىلەن دەرد پۈتۈن ـ سۈرۈك.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

## گۈزەل خىيال

تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن تاشلارنى،
ئېلىپ قويغۇم كېلەر ئورنىغا،
تاغ پېتىدە تۇرسۇن دەپ تاغنى.

يەردە ياتقان قېرى دەرەخنى،
يۆلەپ قويغۇم كېلەر تىك قىلىپ،
كۆك كۆرسۇن دەپ يېشىل چىراغنى.

ئاينى توسۇپ ئالغان بۇلۇتنى،
پارە - پارە قىلغۇم كېلىدۇ،
خەنجەر ئۇرۇپ قارا كۆكسىگە.

كۆلچەكلەردە ئۇخلىغان سۇنى،
باشلىۋەتكۈم كېلەر ئېرىققا،
سۇ كىرسۇن دەپ سۇنىڭ تۈسىگە.

چىڭقىچۈشتە دەرەخ تۈۋىگە،
تىللا بولۇپ چۈشكەن شولىنى،
تېرىۋالغۇم كېلەر بىر - بىرلەپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۆيدىن چىقىپ ئازنا ئاخشىمى،
بېرىپ قۇشلار قەبرىستانلىقىغا،
كەلگۈم كېلەر قۇشلاردەك سۆزلەپ.

ئاخشاملىرى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ،
سىرلىرىمنى ئۇلسام دەيمەن،
يىراقتىكى سۇنىڭ ئۈنىگە.

كۆڭلۈم گويا گۈلگە ئايلىنىپ،
گۈلدەك ئورۇن راسلىسام دەيمەن،
ھويلىدىكى گۈلنىڭ تۈۋىگە.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى



# يارۇ

(قوشاق ئىزىدىن)

ئاي ئالدىمدا، كۆن كەينىمدە،
دۇنيا ئىچىمدە.
غوۋغا تەقدىم قىلغانىمكىن،
تەقدىر پىچىمدە.

ئاي ئالدىمدا، كۆن كەينىمدە،
قالدىم ئارىدا.
چىراغ كۆيەر باغرىمىدىكى،
قۇتلۇق يارىدا.

ئاي ئالدىمدا، كۆن كەينىمدە،
ئىزلىرىم گۆلخان.
كەچ كۆزىدىكى قىزىلگۆلدەك،
توزۇماقتا جان.

ئاي ئالدىمدا، كۆن كەينىمدە،
سىنى ئىزدەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەمدى سېنىڭ ھىجرانىڭغا،
يۈرەك ئۆزلەشتى.

ئېگىز ــ ئېگىز تاغ بېشىدا،
پىراق ئەگىيدۇ.
سېنىڭ سالغان ئوتۇڭ بىلەن،
ئوتۇم سەگىيدۇ.

2012 ــ يىلى 12 ــ ئاينىڭ 24 ــ كۈنى



## ھەسرەت

سېنى ئەمدى كەچۈرەلمەيمەن،
كەچۈرۈشنىڭ مۆھلىتى ئۆتتى.
يۈرىكىمگە ياشلىرىم ئەمەس،
قاقاس تاغنىڭ تاشلىرى چۆكتى.

ئىشق ئۆركەش ياسىغان ۋۇجۇد،
قاتتى مىڭ گەز كۆپكۆك مۇز بولۇپ.
مېنى چاققان ھىجران يىلنى،
بىر كېچىدە ئۆلدى بوغۇلۇپ.

ئۇچۇپ كەتتى بىر ئېرا ھەسرەت،
قۇيۇنتازدەك سېنىڭ قېشىڭغا.
چېچىكى قان دەرەخ ئۆسىدۇ،
ئەمدى سېنىڭ ئىچى - تېشىڭغا.

ئەسلىرىڭدىن يوقات ھەممىنى،
كۆكتە ياشاي سەن بولساڭ يەردە.
تۈندىن ئاققان ئالماس شەبنەمدەك،
ئۆز - ئۆزۈمگە تاماي سەھەردە.

2012 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## كۆز ياش تىلى

يۈرەك يىغلىغان ياشقا،
كىرپىك تۇيۇق ئېھتىمال.
مەڭزىمدىكى دەريادا،
ئېقىۋالسۇن بىمالال.

ئۇنىڭ يۇلتۇز چېھرىدىن،
قارىماقتا شاۋقۇنى.
تومۇرۇمغا تامماقتا،
چوغدەك پىشقان يالقۇنى.

ئۇنى تىلسىز دېگۈم يوق،
سۆزلەيدۇ ئۇ تارامـلاپ.
سىغار يەنە كۆكسۈمگە،
چاقماق چېقىپ، جاراڭلاپ.

ئۇ سۆزلىگەن سۆزلەرنىڭ،
بىر دانىسى مىڭ ئۇرۇق.
مەنىسىنى چۈشەنسەڭ،
ئىككى دۇنيا يوپيورۇق.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# كەچۈرۈم سوراش

مەيلى سۇ ئاسماندا، زېمىندا بولسۇن،
ماڭا ئۇن ـ تىنسىز دەرس سۆزلىدى.
مېنى ئويلىدى، مېنى بويلىدى،
لېكىن سۇدەك چىقمىدى تىلىم،
سۇ بولۇپ ئېقىشنى بىلمىدى دىلىم.

مېنىڭ ئايۋىنىمدا ياشىغان قۇشلار،
ماڭا كىچە ـ كۈندۈز سۆزلەپ ھارمىدى.
مەن قىلچە چۈشەنمەي ئۇلار قەلبىنى،
قېلىپىم ئىچىدىن قاڭقىيالمىدىم،
زېمىننى ـ ئاسماننى ئاڭقىرالمىدىم.

ئاپپاق نۇر تۆككەن پۇچۇق قەبرىلەر،
كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىدى ئۇزاق.
مېنى چىللىغاندەك قىلدى ئەيتاۋۇر،
قوندى كۆكسۈمگە بىر قات ئىزتىراپ،
بىر كۈنى ئۇ تەنگە چاچىدۇ ئازاب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەن سۇغا يېلىنىپ كەچۈرگىن دېدىم،
قۇشلارغا يېشىمنى دان قىلىپ چاچتىم.
نېچۈنكى تىترىدى قەبرىنىڭ لېۋى،
سۇ كۆكنى يەر بىلەن مۇزدا ئۇلىدى،
قۇش قەبرە ئۈستىدە يۇم - يۇم يىغلىدى.

2013 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى



## يىغلاشقاي

يىلتىزلىرى يەكلەشكەن،
يازدا مۇزدەك گەپلەشكەن،
باغ بىلەن باغ يىغلاشقاي.

كېپىكنى يىتتۈرگەن،
تاشلىرىنى ئۆلتۈرگەن،
تاغ بىلەن تاغ يىغلاشقاي.

قاراڭغۇنى ياقلىغان،
ئاينى كۆنگە دادلىغان،
چاغ بىلەن چاغ يىغلاشقاي.

ئىشق بىلەن ئۇيناشقان،
نەقش بولۇپ ئورناشقان،
داغ بىلەن داغ يىغلاشقاي.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئەي كۆڭۈل

ئەي كۆڭۈل ئاسمانغا كەتكىن قوشۇلۇپ،
ئاق بۇلۇت پاكلىسۇن دەردىڭگە قونۇپ.
قۇش ئۇۋا ياسىسۇن يەتتە قېتىڭغا،
بىر نۇرلۇق ۋادا بول يۇلتۇزغا تولۇپ.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



## سوغا ئايلانسام

ئېرىپ ـ ئېرىپ سوغا ئايلانسام،
ئېرىقىڭغا باشلىيالامسەن؟
قاشتا ئۆسكەن بەرگى قىياقتەك،
كۆك رەڭگىدە ياشنىيالامسەن؟

مېنىڭ شىلدىر ـ شىلدىر ئاۋازىم،
ئېقىۋاتقان يۈرەك تۇيۇشىم.
ئەگەردە سەن بولساڭ بىپىسەنت،
بىلىقلارغا يەم بولار يىشىم.

قاپقاراڭغۇ باغلاردىن ئېقىپ،
ئەمدى كەلدىم ئىشىك ئالدىڭغا.
ئۆيۈڭدىن چىق مىسلى ئاي بولۇپ،
مېنى ئوراپ قويغىن ئايدىڭغا.

بۈگۈن ماڭا شولاڭ چۈشمىسە،
مەھەللەڭنى تەرك ئېتىمەن.
چىچەكلەرنىڭ يىشىنى ئېلىپ،
يىراقلارغا ئېقىپ كېتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئېرىپ ـ ئېرىپ سۇغا ئايلانسام،
قارلىق تاغلار ماڭا قارايدۇ.
ئېقىپ ـ ئېقىپ كەلسەم ھەرقاچان،
ئېرىقىڭدىن يالقۇن تارايدۇ.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى



## كۈتۈش

يىگىرمە يىل ئۆتۈپتۇ پىنھان،
يۈرىكىمدە ئېچىلىپ گۈلۈم.
بىر تىكىلدىم بۈگۈن كۆزۈڭگە،
يىگىرمە ياش كىچىكتى ئۆلۈم.

يىگىرمە يىل — يىگىرمە مىڭ يىل،
غۇسسىلەرگە دەريادۇر دىلىم.
بەند بولغان سىرلىق قاپاقنى،
يىرىپ چىقتى سەن ئۈچۈن تىلىم.

سۇغا چۈشۈپ كەتكەن تاش ئىدى،
سۈكۈتلەرگە بوغۇلغان تىلەك.
نېمدېگەن سەۋرچان يارەب!
ئەمدى ئوڭغا چۆرگۈلدى پەلەك.

كۈتۈش، كۈتۈش مەڭگۈگە كۈتۈش،
ئەقىدىگە بولاركەن ئۇۋۋا.
چىقار ئىكەن بىر كۈن بويۇنغا،
دېۋىر قايدىن پۈتۈپ كەھرىۋا.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## خوراز

خوراز ئۈنلۈك چىللىغىن!
كۈندۈزدىكى كېچىدە
قان ـ يىرىڭنىڭ ئىچىدە،
ئۇخلاۋاتقان ئادەم بار.

خوراز ئەمدى توختىغىن!
كېچىدىكى كۈندۈزدە
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىدە،
يورۇۋاتقان ئادەم بار.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى



# ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدا

دەردلىرىم سەندىن زېرىكتىم،
قىينىماي مەندىن زېرىك.
ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدا،
تەس ئىكەن يۈرمەك تىرىك.

ئەمدى نە قىلماقلىقىمنى،
بىلمىدىم، بىلگۈمۇ يوق.
ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدا،
مەن تېنەپ قالغانلا ئوق.

مېنى ئاتقان مەرگىنىمنىڭ،
ئېسىدە مەن بارمۇ ـ يوق.
ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدا،
بىر ياغاچمەن قۇپقۇرۇق.

ئۆمرىدە جەننەت يا دوزاخ،
ۋەسلىگە يەتمەي تۇرۇپ.
ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدا،
كەتمىگەي مەندەك سولۇپ.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## جۇدالىق

تاغ تاشقا كۆزىنى ئۈزمەي قارايمىش،
باغرىغا ھەسرەتتىن تۈتۈن تارايمىش.
ئەمما تاش تېغىغا بىپسەنت بولۇپ،
ئۆزگىنىڭ كۆزىگە شۇنچە يارايمىش.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى



## خاتىرە

شۇ كۈندىكى بۈگۈنكى كېچە،
ئاينى كۆنگە قاتقان بېشىمىز.
يېپىنغانتۇق بارچە ئاسماننى،
ئىچىمىزگە پاتماي ئىچىمىز.

بۈگۈن كۆيۈپ بولىدىغاندەك،
ئېرىپ - ئېرىپ ئاققانتۇق شامدەك.
كۆلبىمىزگە سىغقانتى دۇنيا،
ئويلىمىغان ھېچنېمە كەمدەك.

ئۆتكەن يىللار زەنجىرگە ئوخشاش،
بىر - بىرىگە ھالقا سېلىپتۇ.
قايغۇ ئېلىپ كەلگەن كارۋاننى،
بەردىشىمىز يولغا سېلىپتۇ.

يامان سۆزنىڭ، يامان كۆزلەرنىڭ،
ئېغىزىغا، كۆزلىرىگە تاش.
يۈيۈۋەتسۇن كۆڭۈل كىرىنى،
كۆلۈپ تۇرغان ئىككى تامچە ياش.

2013 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## سەن بىلمىسەڭ

نېمىگە ئېرىشىپ، نېمە يىتتۈردۇم،
مەندىكى مەنىنى مەن قانداق ئۆلتۈردۇم؟
سەن بىلمىسەڭ بىلەر پەرۋەردىگار،
تاغ كەبى دەردىڭنى يەردەك كۆتۈردۇم.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

## ھايات سەپىرى

كۆنچىقىشقا ئۇلۇغ ئوت كەتتى،
خوراز چىللاپ بەرمەكتە خەۋەر.
بۇلۇت چۆچۈپ ئاقىرىپ كەتتى،
قېچىپ چىقتى ئاسمانغا سەھەر.

سۇغا چۈشكەن ئوتنىڭ سايىسى،
بېلىقلارغا بولدى ئالتۇن دان.
يىغلىدىمۇ يۇلتۇز خىلۋەتتە،
گۈل لېۋىگە قوندى سۆزۈك قان.

ئۇرغۇپ چىقتى ئىزغىرىن شامال،
تېرەكلەرنىڭ شۈرلىشىدىن.
يەر ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى،
نۇرنىڭ ئىللىق قىمىرلىشىدىن.

دېرىزەمگە قونغان يورۇقنىڭ،
كىردى تال ـ تال تىنىقى ئۆيگە.
تۈنۈگۈندىن بۈگۈنگە ھالقىپ،
مەن ئۇلاشتىم يەنە بىر كۈنگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قانىتىغا مىنىپ سائەتنىڭ،
ئۇچتۇم قىسمەت چەمبىرى بويلاپ.
كىرىپ كەتتىم كەچتە ئۆيۈمگە،
كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى ئويلاپ.

2013 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى



# يىغلاشنى ئۆگىنىش

ئىچىمدە يىغلاشنى ئۆگەندىم،
يۈرەكنىڭ كۆزىدە تۆكۈپ ياش.
كۆكسۈمگە مىڭ خەنجەر ئۇرغاندىن،
يامانكەن بۇ ئازاب، بۇ بەرداش.

ۋۇجۇددىن كۈلكىلەر قىدىرىپ،
مۈشكۈلدە لېۋىمگە جۇغلىدىم.
قەلبىمدە بىر دەريا مۇز قاتتى،
ئۆزۈمنى ئۆزۈمدىن قوغلىدىم.

ئەسلى كۆز لىق تولغان ياش بىلەن،
تۆكەتتى چىن يۈرەك سۆزۈمنى.
زىمىستان قىشتىمۇ تاراملاپ،
باھارغا ئورايتتى يۈزۈمنى.

ئەمدى مەن كەلمەيمەن ئەسلىمگە،
ئۇنتۇدۇم كۆز ياشنىڭ كۈچىنى.
بالبال تاش مىسالى ياشايمەن،
كەلتۈرۈپ تەگرىنىڭ ئۆچىنى.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# كۆرۈشكۈمنى كەلتۈرۈپ

كۆرۈشكىلى ۋاقتىم يوق دەيسەن،
كۆرۈشكۈمنى كەلتۈرۈپ بەكمۇ.
بۇلبۇلنى قان يىغلىتىپ قەستەن،
ئېچىلغاندەك تۇندە چېچەكمۇ.

مېنى كۆرمەي ئۆتكەن كېچىدە،
كۆرگەن چۈشىڭ قانداق ئاخىرى؟
يۈرىكىڭنى سەنمۇ قىينايسەن،
مېنى قانچە قىينىغانسېرى.

سېھىرگەرنىڭ قولىغا بەرمە،
سەھەر كەبى ئوچۇق خۇيۇڭنى.
تۆت دوقمۇشتىن خەس - چاۋار تېرىپ،
ئىسرىقلىۋەت ئالتۇن بويۇڭنى.

تەڭرى بەرگەن دىدار رىزقى،
كەتمىسۇن ھەي، قۇمدەك چېچىلىپ.
سېنى كۈتتۈم ھېلىقى يەردە،
قىزىلگۈلدەك كەلگىن ئېچىلىپ.

كۆرۈشكلى ۋاقتم يوق دەيسەن،
كۆرۈشكۈمنى كەلتۈرۈپ بەكمۇ.
ئۈچرشايلى ئاي بلەن كۈندەك،
تاتلق ـ تاتلق سۆيۈشمسەكمۇ.

2013 ـ يلى 1 ـ ئاينڭ 12 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئاتامنىڭ دەپنە مۇراسىمى

كەتتى پانىي دۇنياغا،
ئۆيىمىزنىڭ تۈۋرۈكى،
بەش بالىنىڭ يۈرىكى،
بىزنىڭ ئۇلۇغ داھىيمىز.
ئاق بولۇتتىن ئاق باغلاپ،
تۇندىن قارا تون كىيىپ،
بىز يىغلىدۇق ئۇن سېلىپ،
يەر تەۋرەتتى ئاھىمىز.

قونغان تەختى راۋانغا،
بىر دۇنيانى كۆتۈرۈپ،
چىن يۈرەكتىن ئۆرتىنىپ،
ماڭدۇق سەپنىڭ ئالدىدا.
مۇڭغا پېتىپ ئېتىزلار،
ئۇلۇغ تىنىپ يۇلتۇزلار،
ئانام ئاچقان ھازىدا،
گۈل يىغلىدى دالادا.

يەتتە جەننەت كۆرسۇن دەپ،
ئاتام ياتقان يەرلىككە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يەتتە كەتمەن توپىدا،
تۆكتۇق يەتتە ئاسماننى.
ئىخلاس قىلىپ چالمىغا،
تىلەك بىلەن يۇغۇرۇپ،
يۈرەكلەرنى سۇغۇرۇپ،
بىللە كۆمدۇق ئارماننى.

يەتتە كۈندۈز ـ يەتتە تۈن،
دادام چىققان سارايىنىڭ،
ئىشىكىنى ياپماستىن،
چىرىغىنى ياندۇردۇق.
ئۇنىڭ پاكىز روھىغا،
دېرىزىدىن تەلمۈرگەن،
كۆزلىرىنى نەمدىگەن،
شوللىلارنى قاندۇردۇق.

بىر توپاقنى قان قىلىپ،
ئۇنىڭ خالىس يولىدا،
بەردۇق يەتتە نەزىرنى،
يەتتە ئىقلىمنى يىغىپ.
سۇندى ئاسمان ئەينىكى،
يەر يىرىلدى چاراسلاپ،
قالدى بىزنىڭ روھىمىز،
ھىلال ئايدەك ئېگىلىپ.

ياتتۇق ـ قوپتۇق يغلشپ،
چۈشتن يغلاپ ئويغاندۇق،
ئچمزگه چۈشتى ئۈن،
كۆزلەر كۆندى يغلاشقا.
ئۇنڭ قەدر ـ قممتى،
ئۆلگەندن كېين ئۆتتى،
كۈنده مڭ پغان تۇتتى،
دەرد باشلدى تالاشقا.

2013 ـ يلى 1 ـ ئاينڭ 15 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## رەسىم - مۇزىكا - شېئىر

مەن ئەجەمنى رامكىغا ئېلىپ،
يۈرىكىمنىڭ تۆرىگە ئاستىم.
قىزىل ئېقىن بولدى چۆللىرىم،
بىر دەريانى باغرىمغا باستىم.

مىڭئۆيلەرنى چالدىم دۇتاردا،
ئورنىدىن تىك تۇردى ئەسىرلەر.
يامغۇر بولۇپ تامچىدى تاغنىڭ،
بوغۇزىدا قاتقان نەسىرلەر.

ئەلشىر سىزغان قويۇق ئورمانىنىڭ،
ياپراقلىرى قانىغان يۈرەك.
قۇش بولغۇسى كەلدى يۇلتۇزنىڭ،
يەر - ئاسماننى قاپلىدى تىترەك...

2013 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

## ئىزدەش

يىغلاشتى شامال ۋە دەرەخ بىر كۈنى،
زېمىننى قاپلىدى ھەسرەتلىك ئۈنى.
مارجاندەك ياش تۆكتى قۇشلار ئۇۋىدا،
ئەمدى مەن نېمىدىن تاپاي كۈلكىنى؟!

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## غېرىب

بالا قۇشلار قانات چىقىرىپ،
ئۇچۇپ كەتتى بېشىنى ئېلىپ،
قۇشمۇ غېرىب، ئۇۋىمۇ غېرىب.

گۈلنى قانلىق ھىجرانغا سېلىپ،
شامال كەتتى باھارنى تېرىپ،
گۈلمۇ غېرىب، باھارمۇ غېرىب.

پىشتى ئالما چوغدەك قىزىرىپ،
بىزلەر ئۈزدۇق قولمۇقول بېرىپ،
شاخمۇ غېرىب، ئالمىمۇ غېرىب.

تالاي تاشلار تېغدىن تېنىپ،
ئۇچۇپ چۈشتى يەرگە ئىنتىلىپ،
تاغمۇ غېرىب، تاشلارمۇ غېرىب.

ئىككىلىمىز سۇدەك قېتىلىپ،
ياشىساقمۇ سۆيسۆزۈك يېنىپ،
بىز كېتىمىز ھامان ئايرىلىپ،
بەلكى بىزلەر بولۇشتۇق قېنىپ،
مەنمۇ غېرىب، سەنمۇ بىر غېرىب.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

## يوقلۇق ۋە بارلىق

بۇگۇن مېنىڭ يوقلۇقۇم زۆرۈر،
بىر كۈنلەردە بارلىقىم كېرەك.
ساقلاپ تۇرماي مەلئۇن قەستىنى،
سەن خەنجەرگە سانجىلغىن يۈرەك.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مەندىن سىزگە قالغان خاتىرە

مەندىن سىزگە قالغان خاتىرە،
چېچەك بولمىسۇن،
چېچەك باھار كەتسە سولىشار.

ئۆزۈك بولمىسۇن،
ئۆزۈك بارماقتا ھامان ئالمىشار.

رەسىم بولمىسۇن،
رەسىم ئۇزاققا بارماي يوقايدۇ.

مەكتۇپ بولمىسۇن،
مەكتۇپ بىر پىنھاندا ئۇخلايدۇ.

ھېكمەت بولمىسۇن،
ھېكمەت ئۆزى بىلەن ئۆزى يىغلايدۇ.

مەندىن سىزگە قالغان خاتىرە،
دەردىم بولسۇن،
دەردىم باغرىڭىزغا مەڭگۈ ئورنايدۇ.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# قوغلىشىش

چارچىدىم، بىرىنى قوغلاپ چارچىدىم،
ئۆركىگەن جەرەندەك ئالدىمدا قاچتى.
سۇ كېچىپ ئۇسسۇدۇم، كۆزۈم گەز باغلاپ،
يۈرىكىم ئېچىرقاپ مىڭ يەردىن ئاچتى.

چارچىدىم، بىردىن قېچىپ چارچىدىم،
بىر مەرتەم دۇنيانى چىقتىم چۆرگىلەپ.
بىلمەيمەن، سەۋرىنىڭ قاچىسى توشۇپ،
كىم بالدۇر توختايدۇ ماغدۇرى تۈگەپ.

2013 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى



كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ساۋا يازغان سالام خېتىمگە

باغرىمدىكى داغلارنى ئېزىپ،
قەلىمىمگە ئىچكۈزدۈم سىياھ.
ساۋا يازغان سالام خېتىمگە،
قوشۇپ قويدۇم قۇرۇغان گىياھ.

ساۋا يازغان سالام خېتىمگە،
بىر دەريانىڭ بەھرىنى تىقتىم.
ھەربىر ھەرپ، ھەربىر سۆزۈمدە،
ئاق يىغىندەك مەن يىغلاپ چىقتىم.

ساۋا يازغان سالام خېتىمنىڭ،
ھەربىر قۇرى قىلچىنىڭ بىسى.
كېتىپ قالدى خەت بىلەن بىللە،
يۈرىكىمنىڭ قىيما ـ چىيمىسى.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

## سېنى ئەسلىسەم

تۆت ئەمەلدىن يۇلقۇنۇپ،
يۈرىكىمگە سۇقۇنۇپ،
سانلىرىمغا سان قوندى.

قېچىپ كېلىپ خاماندىن،
قوشاق توقۇپ زاماندىن،
دانلىرىمغا دان قوندى.

قىزىلگۈلدەك قىزىرىپ،
تومۇرۇمنى قىدىرىپ،
قانلىرىمغا قان قوندى.

تېنىمگە ھېچ سىغمىغان،
يۈرىكىمدە تىنمىغان،
جانلىرىمغا جان قوندى.

سېنى ئەسلىسەم ...

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ

ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈپ ئۆرتىنىپ،
يالقۇن ـ يالقۇن نەپەستە تىنىپ،
ئالتۇن ـ ئالتۇن رەڭگىدە يېنىپ،
ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ.

گۈلدۈر ـ گۈلدۈر چىقىرىپ ئاۋاز،
بولۇپ گويا گۈل كەبى تەنناز،
بىر ـ بىرىگە بېغىشلاپ پەرۋاز،
ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ.

قات ـ قېتىدا پىشۇرۇپ يۈرەك،
يۈرىكىدە ئېچىپ گۈل پورەك،
ھەر ئۇچقۇندا چېچىپ مىڭ تىلەك،
ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ.

كۆزلىرىدىن يۇلتۇز چېچەكلەپ،
قىن ـ قىنىغا پاتماي تېپچەكلەپ،
مېھىر تۆكۈپ ئېتەك ـ ئېتەكلەپ،
ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ.

بىر ئىستەكتە كۆككە بوي سوزۇپ،
ئەتراپتىكى جىملىقنى بۇزۇپ،
ئۈمىدلەرنى تۈندىن قۇتقۇزۇپ،
ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى


# بۇگۈن ۋە ئەتە

مەندىن ئاستا تارتىدى كۈندۈز،
قارا چېچەك ئاچتى قارا تۈن.
ئالتۇن قانات قۇياشقا مىنىپ،
كەتتى دىلغا داغ سېلىپ بۈگۈن.

كۆز باغلاندى گۈگۈم بەلباغدا،
شاۋقۇنلىدى ئەللەي قوشقى.
مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇيمەن ئەمدى،
بولۇپ باغرىم چۈشنىڭ قۇچقى.

دېرىزەمگە تىكىلىپ يۇلتۇز،
خىيال قىلار تولىمۇ مەيۈس.
بىر كېچىلىك ئۈچەككە كىرىپ،
مەن ئۇخلايمەن قېنىپ تەلتۆكۈس.

كۆككە قونسا يەنە تاڭ سەھەر،
ماڭار بۈگۈن ئۇدۇل ئەتىگە.
دەرىخىمگە ۋاقىت قۇشلىرى،
شۇ يوسۇندا كېلەر پەتىگە.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

## سىلىشتۇرما

تۆر تامغا ئېسىلغان بىر غۇلاچ قىلىچ،
دەريانىڭ مۇزىدەك تۇرىدۇ تىنىچ.
ياقۇتتىن كۆز قويغان بولسىمۇ سېپى،
ئانام قىڭرىقچىلىك كۆرۈنمىدى ھېچ.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئوتنىڭ كۆزى

ئوتنىڭ كۆزى قىزىلگۈل،
مېنىڭ كۆزۈم قارا گۈل.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى،
پايانى يوق دەشتى چۆل.

ئوتنىڭ كۆزى ئوت تۆكەر،
مېنىڭ كۆزۈم ياش تۆكەر.
ئوتتىن ئاڭلاپ ئەپسانە،
مەڭزىمدە تۈنەر ئۆكەر.

ئوتنىڭ كۆزى يۇمۇلماس،
مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلار.
كىرپىكىمدە كۈن ۋە تۈن،
دۇنيا نەچچە دومىلار.

ئوتنىڭ كۆزى ئاسماندا،
مېنىڭ كۆزۈم زېمىندا.
ئوتنىڭ كۆزى تەگكەنمۇ؟
ئۆچمەيدۇ ئوت جېنىمدا.

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

## بىلىپ قوي

بۇزۇۋەتسەڭ ئەگەردە،
ئۆمۈچۈكنىڭ تورىنى.
يەر ـ ئاسماننى قاپلايدۇ،
نەپرىتىنىڭ بورىنى.

ئايىغىڭدا دەسسىلىپ،
ئۆلۈپ قالسا چۈمۈلە.
چۈمۈلىلەر قوۋمىدا،
پەيدا قىلار زىلزىلە.

سەن سەۋەبلىك چۇۋۇلسا،
ھەرىلەرنىڭ كۆنىكى.
چەرخ ئۇرۇپ غەزەپتە،
ۋولقان ئاتار يۈرىكى.

قويساڭ كەچتە ئۆچۈرۈپ،
يېنىپ تۇرغان چىراغنى.
پەرۋانىنىڭ باغرىغا،
سالىسەن مىڭ پىراقنى...

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



## سىنىڭ قەلبىڭ

سىنىڭ قەلبىڭ بىر دېڭىز بولسا،
مېنى يوشۇر ئەڭ تېرەن جايغا.
زەڭگەر قانات دولقۇنلىرىڭدا،
مەن ئايلىناي چايقالغان ئايغا.

بۇ جاھاننىڭ غوۋغالىرىدىن،
بىر يولىلا مېنى قىل خالاس.
يۈرىكىمنىڭ پارىلىرىگە،
ھىجران تىزغان مارجانلارنى ئاس.

قۇلۇلىنىڭ قېپىغا كىرىپ،
ئېلىۋالاي بىرئاز دېمىمنى.
گۈلدىن شىرنە يىغقان ھەرىدەك،
ۋۇجۇدۇمغا جۇغلاي غېمىڭنى.

تور ئۈركۈتكەن بېلىقلار بىلەن،
تىل ئېلىشاي يىغلىشىپ تۇرۇپ.
يۇلتۇزلارنى چىللاي كۆزۈمگە،
كەتسە ئەگەر ياشلىرىم قۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## قىزىدى يۈرەكنىڭ قۇلىقى

كىم قىلدى گېپىمنى ئوت چېچىپ،
قىزىدى يۈرەكنىڭ قۇلىقى.
كىم ماڭدى بۇ يولدا گۈل ئېچىپ،
مەست قىلدى تۇيغۇمنى پۇرىقى.

كېپىنەك تۇسىگە كىردى دىل،
ئايدىڭنىڭ قەلبىگە قونماققا.
نۇرلارنىڭ ئاغزىغا سېلىپ تىل،
تۈگۈلۈكتىن بىر ئۆيگە سۇنماققا.

يۈرەكنىڭ قولىدا ئوت چەمبەر،
ئۆزىنىڭ شەكلىدە كۆيمەكتە.
كۆيگەن قان ھىدىدا گۈل ئەنبەر،
قارنى ئاچ بىر لەۋنى سۆيمەكتە.

كۆيۈشكە قانمىغان كۆيدۈرۈش،
پۈركۈدى ئازابنى چېچەككە.
ئاڭلاندى كۈلۈش ۋە ئۆكۈنۈش،
قۇلىقى دىڭ تۇرغان يۈرەككە.

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

# يۇلۇپ بەرگىن بىر تال چېچىڭنى

يۇلۇپ بەرگىن بىر تال چېچىڭنى،
تۇرسۇن ماڭا تۇن كەبى قاراپ.
قارا باسماي كۆرەي چۈشۈمنى،
گۈلدىن تاتلىق پۇرسۇن ئازاپ.

يۇلۇپ بەرگىن بىر تال چېچىڭنى،
غىڭشىپ بەرسۇن مۇڭلۇق ئاھاڭنى.
كۆرۈپ تۇراي ئىككى ئۇچىدا،
يېنىۋاتقان تۇن بىلەن تاڭنى.

يۇلۇپ بەرگىن بىر تال چېچىڭنى،
پۇرىۋالاي تويۇپ، ئاھ تويۇپ.
مۇشكۇلۇمدە كۆيدۇرەي ئۇنى،
يۈرىكىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ.

يۇلۇپ بەرگىن بىر تال چېچىڭنى،
بۇرچ بولسۇن ماڭا ساقلىماق.
تاپماق بولسام ئۆلۈمدىن ھۇزۇر،
بولۇپ بەرسۇن دارىمغا سىرتماق.

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تەشۋىشلىرىم

مېنى قىينار كۈن ـ تۈن تەشۋىشلەر،
شامال ئۇرغان ياپراقتەك يۈرەك.
نىگاھىمدا قاتقان نىشانلار،
خادا تاشتىن بىر نەدۇ دېرەك.

ئۆز ـ ئۆزۈمنى سولاپ قەپەسكە،
تۆت تەرەپتىن قىلىمەن گۇمان.
تاڭ سەھەرگە كەينىمنى قىلىپ،
كەچتە كۆكنى قىلىمەن ئارمان.

كەلسە شەپەق قانغا بويىلىپ،
ئېغىزىمغا كېلەر سېرىق سۇ.
كۆڭلۈم ئۇچۇپ چىقار يوللارغا،
بولۇپ باھار چاچقۇچى ئاق قۇ.

دىلىم كۆزى يۇمۇلار گاھى،
كەتسە دەيمەن ئاپتاپ قارىداپ.
باشقا ئۆيدە چىراغ يېقىلسا،
ئىچ ـ ئىچىمدىن كېتىمەن ئاداپ.

مەندىن سوراپ ئۇچمىغان شامال،
كەتسە دەيمەن ئاسماندىن غۇلاپ.
مەندىن سوراپ ئېچىلمىغان گۈل،
لەنەتلەنسە ئەڭ سېسىق پۇراپ.

تەشۋىشلىرىم، ئاھ تەشۋىشلىرىم،
يىگنە سىغماس قىلدىك ئىچىمنى.
ئاتاي ئەمدى يەتتە ئۇقلىمغا،
ئوقيا قىلىپ تال ـ تال چېچىمنى.

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## تەخپۇخلۇقنى ساقلاش

بىز قارىشىپ تۇرايلى دائىم،
تۇن بىلەن تاڭ ئارىلىقىدا،
ئوخشاش رىزىق بەرسۇن خۇدايىم.

بۇ يوللاردا ماڭايلى بىللە،
قىلىشمايلى ئالدى ـ كەينىدە،
تەڭ كۆرەيلى باھار ۋە چىللە.

ئارقىمىزدىن ئەگەشكەن سايە،
تەپتەڭ بولسۇن قىرقىپ قويغاندەك،
بۇ مەندىكى بىر ئالىي غايە.

سەن ياش تۆكسەڭ ئەگەر يېنىمدا،
كۈلكە يايرار ھەربىر تېنىمدا،
جان چېچەكلەپ كېتەر جېنىمدا.

كۈلۈپ سالساڭ قېشىمغا كېلىپ،
مەن يىغلايمەن ئوتتەك ئۆرتىنىپ،
ھەسەت تاشلار باغرىمنى يېرىپ.

بىز قارىشىپ تۇرايلى دائىم،
بىر سىزنىڭ ئىككى ئۇچىدا،
ئوخشاش قىسمەت بەرسۇن خۇدايىم.

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com



# كۈتكىن

كۈتكىن
زارىقىشتا قاتقان كۈنۈڭگە
سەھەردىكى ئۈنۈمنى قوشسام،
تىن تارتماستىن ھىجران ئۆلدۈ.

كۈتكىن
قارا تۈتەك باسقان باغرىڭغا
ئەلەم تاجلىق بېشىمنى قويسام،
يۈرەكلەردە ئارمان كۆلدۈ.

كۈتكىن
قاغجىرىغان دەريا لېۋىڭگە
لەۋلىرىمدە قىزىلگۈل ئۈيسام،
باغ رەڭگارەڭ تۇمان بولدۇ.

كۈتكىن
يېشى قۇرۇپ كەتكەن كۆزۈڭگە
كىرپىكتىكى يۇلتۇزنى قوشسام،
ئەتراپىمىز ئاسمان بولدۇ.

كۈتكىن
چوغدەك كىرىپ نەپەسلىرىڭگە
يۈرىكىڭدە دېمىمنى ئالسام،
ۋۇجۇدىمىز ئوممان بولىدۇ.

كۈتكىن
نالەشلەردىن پۈتكەن ئۈنۈڭگە
ئوت سايرىغان كاككۇكتەك قونسام،
كۆكسىمىز كۆك بوستان بولىدۇ.

كۈتكىن!!!

2013 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## قۇش بىلەن سۆھبەت

— سەن نېمىگە شۇنچە شادىمان؟
— ياق، ئۇنىڭدە ئۆكسۈيدۇ ئورمان.

— سەن كېچىدە ئۇخلايسەن قانداق؟
— ئوڭ يېنىم ئوت، سول يېنىم پىراق.

— سەن چۈشۈڭدە كۆرىسەن نېمە؟
— سۇلايمانغا ھەيدەيمەن كېمە.

— نېمە دەيدۇ شامال تاڭ سەھەر؟
— ئېيتقانلىرى گۆھەردۇر - گۆھەر.

— ھالىڭ نېچۈك سىم - سىم يامغۇردا؟
— خۇشمەن دىدار بەرگەندەك خۇدا.

— بېشارەتتۇر نېمە دەردىڭدىن؟
— دەرەخكە ئوت كېتەر ئاھىمدىن.

— سەندەك دەردسىز يوققۇ جاھاندا؟
— ئۇخلايسەن مەن يىغلاۋاتقاندا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



— چۈشىنىمەن قاچان تىلىڭنى؟
— تاڭدىن ئالغان چاغدا دىلىڭنى.

— مىنى قاچان چىللايدۇ ئاسمان،
— قەلبىڭگە ئوت ياققاندا ۋىجدان.

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى



# يەنە تەنھالىق

تەنھالىقنىڭ ھەر دەقىقسى،
زامانلارنى سالار يادىمغا.
تەنھالىقنىڭ ھەربىر تىۋىشى،
قورام تاشنى ئاتار ئالدىمغا.

تەنھالىقنىڭ سانسىز كۆزىگە،
ئۇچۇپ ـ ئۇچۇپ چۆكىدۇ ئاسمان.
تەنھالىقتىن باشقا ھېچ نەرسە،
ماڭا ھەرگىز بولماس پاسىبان.

تەنھالىقنىڭ ھەربىر نەپسى،
ۋۇجۇدۇمغا ياقىدۇ گۈلخان.
ئۆگىتىدۇ كۆيۈپ ـ پىشىشنى،
ئىككى ئالەم بولۇپ نامايان.

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مۇناجات

كۈندە مىڭ سانايمەن كۈنۈڭنى،
جىملىقتىن ئاڭلايمەن ئۈنۈڭنى،
تۈنۈمگە قاقلايمەن تۈنۈڭنى،
ئويغىنىپ، ئويغىنىپ، ئويغىنىپ.

ئىگىسىز ياتىمەن بۇغدايدەك،
تېشىمدا قاتىمەن ئىرغايدەك،
ئىچىمدە يىغلايمەن تورغايدەك،
تولغىنىپ، تولغىنىپ، تولغىنىپ.

ئىشقتىن ئۆزۈمگە يۈك ئارتىپ،
دەردىمدىن بۇلۇتنى قارايتىپ،
كۆيىمەن ئۇھ تارتىپ، ئۇھ تارتىپ،
چوغلىنىپ، چوغلىنىپ، چوغلىنىپ.

ئۆزۈمنى ئىزدەيمەن ئۆزۈمدىن،
سۆز يىغلار ئىچىدە سۆزۈمدىن،
ئوت ئىرىپ تۆكۈلەر كۆزۈمدىن،
جۇغلىنىپ، جۇغلىنىپ، جۇغلىنىپ.

قارا تۈن قورشىغان زىيادەك،
تېغدىن زېرىككەن قىيادەك،
ئاقمەن يۈگەنسىز دەريادەك،
يۇلقىنىپ، يۇلقىنىپ، يۇلقىنىپ.

ئازابنى ئۈچكۈزۈپ قەلەمگە،
مەھشەرنى سىزىمەن ئالەمگە.
قارايمەن سۆيۈملۈك ئەلەمگە،
زوقلىنىپ، زوقلىنىپ، زوقلىنىپ ...

2013 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى



كىتاب تورى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com



## روھ شامىلى

روھىم ئۇچتى غۇر – غۇر شامالدا،
ئاسمىنىڭنىڭ قەرىنى كۆزلەپ.
باھار باشلاپ باردى چوقۇم،
ئىللىق تاڭنىڭ نۇرىدەك سۆزلەپ.

يېشىل – يېشىل ھېسلىرىڭ بىلەن،
ئەسلىمە ئوي روھىم قەلبىگە.
ئۇ كۆيمەكتە ئىچىدە گۇر – گۇر،
لەززەتلىنىپ قاقلان دەردىگە.

ئۇزاق – ئۇزاق تىڭشاپ مۇڭنى،
غۇرۇرىنىڭ ئاختۇر قېتىنى.
قاغجىرىغان دەرياسى كۆتۈپ،
ئالتۇن بۇلاق بولسۇن دەر سېنى.

ھاياتىڭغا ئۆتتەك يېنىپ كىر،
ئەتىسىدىن باش كۆتۈر كۈندەك.
دىدارىڭدىن يۇلتۇزلار تۆككىن،
ئىزى قارا بولمىسۇن تۈندەك.

يالقۇنۇڭدا ئۇنى يەلپۈتكىن،
ئەلەملەرنى ياندىن ئۈركۈتكىن.

2013 – يىلى 3 – ئاينىڭ 17 – كۈنى

## مەن — مەنمۇ

مەن مەنمىكىن دېسەم،
ئەقىل - ھوشۇم ئۆزۈمدە ئەمەس.
مەن مەنمەسمىكىن دېسەم،
كۆزلىرىڭدىن كۆزۈم كۆز ئۈزمەس.

مەن قەيەردە، قايسى تىلسىمدا؟
ئاسمان ئاستىمدا، زېمىن ئۈستۈمدە.
تۇيغۇمنى باستى قاپقارا تۇمان،
ئادەملىك بارمۇ - يوقمۇ تۈسۈمدە؟

مەن - مەنلىكىمنىڭ چېغىدا،
بەلكى روھىمغا بولىمەن خائىن.
ئەس - ھوشىدىن تانمىغان ئادەم،
بۇنداق شېرىن ھېس تېپىش ناتايىن.

ئەگەردە مەن، مەن بولمىساممۇ،
ئۆزۈمنى بىلدۈرسەم بولدىغۇ ساڭا.
قورقمەن ھېچنېمە بولماي قېلىشتىن،
يوقلىش ئەپسۇنى ئوقۇما ماڭا.

2013 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



# ۋاي ـ ۋاي

ۋاي ـ ۋاي مېنىڭ يۈرىكىم،
ئاز قالدى تېمىپ ـ تېمىپ.
ۋۇجۇدۇمغا ئوت ئالدىم،
ئىچىمگە تىنىپ ـ تىنىپ.

ۋاي ـ ۋاي مېنىڭ كۆزۈمدە،
قىزىل چوغ يېنىپ ـ يېنىپ.
بال ئورنىدا ياش ئىچتىم،
ئازابقا قېنىپ ـ قېنىپ.

ۋاي ـ ۋاي مېنىڭ تۇيغۇمغا،
دەرد تىغى مىنىپ ـ مىنىپ.
سۇغۇرغاندەك تىلىمنى،
قالدىمغۇ جىمىپ ـ جىمىپ.

ۋاي ـ ۋاي مېنىڭ كۆكسۈمگە،
بىر ۋابا سىڭىپ ـ سىڭىپ.
بېرىپ قالدىم مەھشەرگە،
مەن تەنھا مېڭىپ ـ مېڭىپ.

ۋاي ـ ۋاي مېنىڭ باغرىمغا،
ۋاي ـ ۋاينى تېڭىپ ـ تېڭىپ.
كەتتىم ئۇزاپ شامالدەك،
ئۆزۈمنى يېڭىپ ـ يېڭىپ.

2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## سەنسىز

ئاقار دەريا ياساپ ئۆركەش،
ياتار تاش ئاستىدا جىم ـ جىم.
بۇلۇتنىڭ باغرىدىن تاشقان،
ياغار ئەپغانلىرى سىم ـ سىم.

قۇياش تۆككەن قەسەم قانى،
سامادا چاقنىسا چىم ـ چىم.
تاماشا قىلغىلى دەۋرەپ،
چىقار يۇلتۇز بولۇپ قىم ـ قىم.

ئازابتىن تەپچىگەن غەليان،
كۆزۈمدىن ساقىسا تىم ـ تىم.
مېنىڭ ھالىمغا يەتمەككە،
كېلەر سەنسىز يەنە كىم ـ كىم؟!

2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

## دەيمەن

سىنىڭ قوۋت يۇلتۇزۇڭ ئۈستۈن،
يېنىق ئەختەرمىكىن دەيمەن.
لېكىن قەلبىڭ ئەلەم تولغان،
يېپىق دەپتەرمىكىن دەيمەن.
سامادىن تامچىغان يامغۇر،
سالام خەتلەرمىكىن دەيمەن.
باھاردىن بالقىغان مايسا،
ئۈزۈن گەپلەرمىكىن دەيمەن.
دىلىڭدىن دان سوراپ بارغان،
يۈرەك كەپتەرمىكىن دەيمەن.
جىمى جۇغلانغىنى مەندە،
گۈزەل دەردلەرمىكىن دەيمەن.

2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## گۈلدەستە

دەرەخنىڭ ياپرىقى كۆزلىرى بولسا،
مېنى شۇ كۆزلەردە قارايدۇ دېگىن.
شاماللار دالانىڭ تىنىقى بولسا،
مېنى شۇ تىنىقتا پۇرايدۇ دېگىن.

يالغۇزلۇق سايىدىكى تاشقا ئوخشىسا،
مەن تەنها كېيىكنىڭ يېشى تامغان تاش.
كۈن - ئايمۇ كۆزۈمنى باغلار ئالغۇندا،
كۈندۈزدە گۈگۈمغا مەن بولدۇم ئاداش.

ئادەملەر قېتىدا قارا يېتىممەن،
يۈرىكىم مۇساپىر شەپەق شەھىرىدە.
بۇ ماڭا ئەڭ تولۇق ئىمكانىڭ بولغاچ،
قىپقىزىل ياشىنىدىم ئازاب بەھرىدە.

ئوت كەتكەن خاماندەك خىياللىرىمغا،
دىلخەستە كاككۇكتەك ئۈزۈم قونىمەن.
ھىجرانغا تويۇنغان بىر دۇنيا ئۈزات،
باغرىمغا گۈلدەستە قىلىپ تاڭىمەن.

2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

## يىغلاۋاتقان ئالما دەرىخى

ئۆزۈم ئۈچۈن بوي تارتقاندەكلا،
دېدىم: بولسام كۆن ـ تۈن باراقسان.
باش ـ ئاخىرى بولدى چۈشۈمنىڭ،
يېنىپ تۇرغان تاڭدىكى ئاسمان.

ئىستەك ئاچقان چېچەكلىرىمگە،
كېپىنەكنىڭ ھەۋىسى يوچۇن.
گاھ ـ گاھ قويدۇم ئۆزۈمگە سوئال،
مېۋىلىدىم مەن نېمە ئۈچۈن؟

جىمىپ كەتتىم كەچ كۈز شامىلى،
ئۈزۈپ ئېلىپ قاچسا جېنىمدىن.
تۆت تەرەپكە تەلمۈرۈپ باقتىم،
ئۆتسكەن دەپ ۋىسال يېنىمدىن.

يىغلاپ بەرسەم ئۆزۈمگە ئۆزۈم،
ئاي چۆچۈدى يىرىم كېچىدە.
يەرگە جىمجىت قونسا يۈرىكىم،
قالدى كۆڭلۈم غەمنىڭ ئىچىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىم - سىم ياغقان كەچ كۈز يامغۇرى،
بولدى مېنىڭ مۇڭلۇق دىلكىشىم.
كىملەرگىدۇر تاتلىق تۇيۇلدى،
ئالمىغا رەڭ بەرگەن كۆز يېشىم.

2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى



图书在版编目(CIP)数据

永恒的心：维吾尔文 / 瓦依提江·吾斯曼著．—
乌鲁木齐：新疆教育出版社，2013

ISBN 978-7-5370-8612-7

Ⅰ.①永··· Ⅱ.①瓦··· Ⅲ.①诗集－中国－当代－维
吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 133890 号

永恒的心

(诗集)

瓦依提江·吾斯曼 著

(维吾尔文)

*

新疆教育出版社出版

http://www.xjjycbs.com

新疆新华书店发行

新疆金版印务有限公司印刷

新疆教育出版社排版中心制版

*

开本 880 毫米×1230 毫米 1/32 印张 10.75

2013 年 5 月第 1 版 2013 年 5 月第 1 次印刷

印数：1 — 5 000

ISBN 978 - 7 - 5370 - 8612 - 7

定价：41.00 元

著作权所有·请勿擅自用本书制作各类出版物·违者必究

如发现有印、装质量问题，请与新疆教育出版社联系调换

社址：乌鲁木齐市胜利路 187 号 邮编：830049

电话：(0991)2863761，2870654

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رەسسام: لىكىم ئىبراھىموف، غەيرەت ئىبراھىموف

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئابدۇراخمان ئابلىز

ISBN 978-7-5370-8612-7

باھاسى: 41.00 يۈەن